


# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى
# خەرىتىلەر توپلىمى

UGUY




كۆكۈچ:دەريا
يېشىل:دېڭىز
شىمال
غەرب
شەرق
جەنۇب
سېرىق:قۇملۇق
قىزىل:تاغ

# ئۇيغۇرچە دۇنيا خەرىتىسى




قازاقىستان
روسىيە
موڭغۇلىيە
قىرغىزىستان
تاجىكىستان
ھىندىستان
نېپال
بىرما
سېرىق دېڭىز
دۇڭخەي دېڭىزى
جەنۇبىي دېڭىز
تىنچ ئوكيان

# شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي رايونلىرى





1 : 6 000 000

# جۇڭگو شىنجاڭ ۋە ئەتراپتىكى دۆلەتلەر






1 : 12 000 000




1 : 6 000 000


# شىنجاڭنىڭ يەر تۈزۈلۈشى





يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا

1 : 13 000 000




يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى


1 : 13 000 000








شىنجاڭدىكى ئاساسلىق شەھەرلەردىكى يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا ۋە يېغىن مىقدارى




1- ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا يېغىن مىقدارى

1 : 18 000 000




4- ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا يېغىن مىقدارى

1 : 18 000 000



7- ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا يېغىن مىقدارى


1 : 18 000 000



10- ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا يېغىن مىقدارى


1 : 18 000 000


# شىنجاڭنىڭ سۇ سىستېمىسى












# شىنجاڭنىڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى


ھايۋانلارنىڭ جۇغراپىيىلىك رايونلارغا ئايرىلىشى

1 : 18 000 000




تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى


1:10 000 000




يېپىنچا ئۆسۈملۈك تىپى

1:10 000 000





















گېئولوگىيىسى
1 : 13 000 000


ئېنېرگىيە قېزىلما بايلىقلىرى
1 : 13 000 000



مېتال، مېتاللوئىد قېزىلما بايلىقلىرى
1 : 10 000 000






# شىنجاڭنىڭ قاتنىشى (1)








## 2003-يىلدىكى شىنجاڭ تاشيول قاتنىشى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى



ئۈچۈر يول، پۇقرالار ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ ھازىرقى ھالىتى ۋە يىرىك پىلانى
1 : 6 000 000

# شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىكى




# شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى





## بىڭتۇەن تۇەن-مەيدانلىرىنىڭ جايلىشىش خەرىتىسى

1 : 6 000 000



شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەرىتىلەر ئاتلاسى

# رايونلار خەرىتىسى







# ئۈرۈمچى شەھرى



**رايونلاش ئومۇمىي ئەھۋالى:** ... 2003 ... 815 ... 300 ...

**تەبىئىي بايلىقى:** ...

...-7.0℃ ... 271.4 ... 2164.2 ... 168 ...


**قاتناش ۋە ساياھەتچىلىك:** ...

**ئىگىلىك ئەھۋالى:** ...

## شەرتلىك بەلگىلەر




# ئۈرۈمچى شەھىرى مەمۇرىي رايونلىرى



1 : 550 000

# ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى



1 : 550 000


# تيانشان رايونى، سايباغ رايونى

**تيانشان رايونى** ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبى قىسمىغا جايلاشقان، شەرق ۋە جەنۇبى دۆۋلەتچىلىك رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي سايباغ رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالى شىمگو رايونى، دۆڭمەن رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ. تيانشان رايونىنىڭ قارمىقىدا 13 كوچا باشقارمىسى، 1 يېزا بار. رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى شەرقىي ئىلالما يولىغا ئورۇنلاشقان. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 171 كۋادرات كىلومېتىر. 2003-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 487 مىڭ 500 بولۇپ، ئاساسلىقى خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر بار.

تيانشان رايونىنىڭ شەھەر مەركىزى مۇئەسسەسەلىرى تولۇق، يول قاتنىشى ھەممە تەرەپكە تۇتاشقان. ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن سۇ تۈشتى باغچىسى، ھايۋانات باغچىسى، قىزىل سىلىنى ئۆزىگە ئالغان خەلقئارا چوڭ بازار، شىنجاڭ مىللەتلەر كوچىسى ۋە ئەنئەنىۋىلىك تەربىيە بازىسى بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى، 8-ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى ۋە ئىنقىلابىي قۇربان ماۋزېمىننىڭ بۇرۇنقى تۇرالغۇسى قاتارلىقلار بار.

**سايباغ رايونى** ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىغا جايلاشقان. شەرقى تيانشان رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبى ۋە غەربىي ئۈرۈمچى ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالى يېڭىشەھەر رايونى، تۇدۇڭخابا رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ. سايباغ رايونىنىڭ قارمىقىدا 10 كوچا باشقارمىسى بار، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ياڭزىجياڭ يولىغا ئورۇنلاشقان. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 422 كۋادرات كىلومېتىر. 2003-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 444 مىڭ 300 بولۇپ، ئاساسلىقى خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر بار.

سايباغ رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى مۇھىم قۇرۇقلۇق قاتنىشى مەركىزى، لەنجۇ-شىنجاڭ تۆمۈريولى ۋە شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى بۇ جايدا تۇتىشىدۇ. ئۈرۈمچى-كۇيتۇن يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى ۋە تۇرپان-ئۈرۈمچى-داخۇاڭشەن يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيولى بۇ يەردىن كېسىپ ئۆتىدۇ. ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن خەلق باغچىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي، خەلق قۇرۇلتىيى سارىيى ھەممە رىۋايەت تۈسكە ئىگە يادىكارلىق بىنا قاتارلىقلار بار.






1 : 125 000


# يېڭىشەھەر رايونى، تۇدۇڭخابا رايونى

**يېڭىشەھەر رايونى** ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمالىي قىسمىدا تۇرۇشلۇق، شەرقى شىمىگو رايونى، دۆڭسەن رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبى سايباغ رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربى تۇدۇڭخابا رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالى ئۈرۈمچى ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. يېڭىشەھەر رايونىنىڭ قارمىقىدا 13 كوچا باشقارمىسى، 2 يېزا بار. رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى جەنۇبىي بېيجىڭ يولىدا تۇرۇشلۇق. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 142 كۋادرات كىلومېتىر، 2003-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 376 مىڭ 600 نەپەر، ئاساسلىقى خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر بار.

يېڭىشەھەر رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا قاتنىشىنىڭ دەرۋازىسى، شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە قاتنىشى مەركىزى، بۇ رايوننىڭ تەۋەسىدە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بەش چوڭ ئايرودرومنىڭ بىرى بولغان ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومى بار. ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن ئىيۇشەن ئىيىق باغچىسى، يېڭىشەھەر باغچىسى، ئۆسۈملۈك باغچىسى، ئۈزۈمزارلىق قاتارلىقلار بار.

**تۇدۇڭخابا رايونى** ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا تۇرۇشلۇق، شەرقى يېڭىشەھەر رايونى، سايباغ رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇب ۋە شىمالى ئۈرۈمچى ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەرب تەرىپى سانجى شەھىرى بىلەن تۇدۇڭخابا دەرياسى ئارقىلىق قارشى تۇرىدۇ. تۇدۇڭخابا رايونى قارمىقىدا 5 كوچا باشقارمىسى بار. رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى شىمالىي يېڭى ئىستانسىسى يولىدا تۇرۇشلۇق. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 276كۋادرات كىلومېتىر، 2003-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 124 مىڭ 300 نەپەر، ئاساسلىقى خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر بار.

تۇدۇڭخابا رايونى شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى، يولۇچى ۋە يۈك توشۇشقا ناھايىتى قولايلىق. ئۈرۈمچى-كۈيتۇن يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى، دۆلەت تاشيولى 312-لىنىيىسى رايون تەۋەسىدىن ئۆتۈپ، تاشيول-تۆمۈريول تەڭ تۇتىشىدىغان قاتناش ئەۋزەللىكىنى شەكىللەندۈرگەن. تۇدۇڭخابا رايونى گۈزەل تۇدۇڭخابا دەرياسى ساھىلىغا جايلاشقان، مەنزىرىسى گۈزەل ۋە يېشىللىق بولۇپ، كۆڭۈلدىكىدەك ئالاھىدە ساياھەت ئورنى.



1 : 125 000


# شىمگو رايونى، دۆڭسەن رايونى

**شىمگو رايونى** ئۈرۈمچى شەھرىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان، شەرقىي ۋە شىمالىي دۆڭسەن رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبىي تيانشان رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي سايباغ رايونى، يېڭىشەھەر رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ. شىمگو رايونىنىڭ قارمىقىدا 7 كوچا باشقارمىسى، 1 يېزا بار، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئارىشاڭ يولىدا. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 91 كۋادرات كىلومېتىر، 2003-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 163 مىڭ 900 بولۇپ، ئاساسلىقى خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر بار.

شىمگو رايونى ئۈرۈمچى شەھرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، يوللىرى كەڭ، قاتنىشى تەرەپ-تەرەپكە تۇتاشقان. شىمگو رايونى ئۈرۈمچى شەھرىدىكى يازدا دەم ئالىدىغان مەنزىرىلىك جاي بولۇپ، بۇ يەردە ئاقلىرى يايپىتىل، مۇنارلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان، دەل-دەرەخلەر بۈككىدە ئۆسكەن، ئارىسىدا مۆشىرى ئوخشۇپ ئېتىپ تۇرغان شىمگو دائىلىق مەنزىرە رايونى ، ئۈرۈمچىنىڭ سىيۇلى بولغان قىزىلتاغ قاتارلىقلار بار.

**دۆڭسەن رايونى** ئۈرۈمچى شەھرىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان، شەرق ۋە شىمالىي مىچۈەن شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبىي تيانشان رايونى، داۋانچېڭ رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي يېڭىشەھەر رايونى، شىمگو رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ. دۆڭسەن رايونىنىڭ قارمىقىدا 3 كوچا باشقارمىسى، 1 يېزا بار، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بۇ رايوننىڭ تۆرتۈق يولىغا ئورۇنلاشقان، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 244 كۋادرات كىلومېتىر، 2003-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 94 مىڭ بولۇپ، ئاساسلىقى خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر بار.

دۆڭسەن رايونى ئۈرۈمچى شەھرىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى دەرۋازىسى، تۇرپان-ئۈرۈمچى-داۋانچېڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيولى، دۆلەت تاشيولى 216-لىنىيىسى، ئۈچىرىيول مەخسۇس لىنىيىسى رايون تەۋەسىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. دۆڭسەن رايونى تەرەققىياتنىڭ ئىنتىكىگە يېقىن بولۇپ، قەدىمىي قارىباغلىق جىلغىسى، بۇلاقتىكى قاتارلىق قەدىمىي قارىباغلىق دائىلىق مەنزىرە رايونى بار.



1 : 125 000


# داۋانچىڭ رايونى، ئۈرۈمچى ناھىيىسى

**داۋانچىڭ رايونى** تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي ئۈچكەندىكى بوغدا تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان، شەرقى تۇرپان شەھىرى، جىمسار ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبى توقسۇن ناھىيىسى، خېجىڭ ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربى ئۈرۈمچى ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالى تيەنشان رايونى، مۇلىشەن رايونى، مىچۈەن شەھىرى، فۇكاڭ شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. داۋانچىڭ رايونىنىڭ قارىمىقىدا 4 كوچا باشقارمىسى، 1 باشقۇرۇش كومىتېتى، 1 بازار، 3 يېزا بار، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى داۋانچىڭ بازىرىدا جايلاشقان. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 5042 كۋادرات كىلومېتىر، 2003-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 41 مىڭ 800 نوپۇس، ئاساسلىقى خۇيزۇ، خەنزۇ، قازاق قاتارلىق مىللەتلەر بار.


داۋانچىڭ رايونى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنى ھەم ئاپتونوم رايون ئىچى-سىرتىنى باغلاپ تۇرىدىغان مۇھىم تۈگۈن، لەنجۇ-شىنجاڭ تۆمۈريولى، تۇرپان-ئۈرۈمچى-داخۇاڭشەن يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيولى بۇ رايوندىن كېسىپ ئۆتىدۇ.

**ئۈرۈمچى ناھىيىسى** تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان، شەرقى داۋانچىڭ رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبى توقسۇن ناھىيىسى، خېجىڭ ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربى سانجى شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالى ۋۇجياچۈ شەھىرى، مىچۈەن شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئوتتۇرا قىسمى تيەنشان رايونى، سايباغ رايونى، يېڭىشەھەر رايونى، تۇدۇڭخابا رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ قارىمىقىدا 2 بازار، 8 يېزا بار، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇبىي يېكەنكۆل يولىغا جايلاشقان. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 4601 كۋادرات كىلومېتىر، 2003-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 82 مىڭ 300 نوپۇس، ئاساسلىقى خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر بار.

ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ قاتناش قولايلىق، ساياھەت بايلىقى مول بولۇپ، نەنشەن داچاڭلىق مەنزىرە رايونى، جاۋبىشەن، دۆلەت ئورمان باغچىسى-سۇخوۋەن، يەنىبالگۇ، نەنشەن ھەمدە ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقى جۇغراپىيىلىك مەركىزى قاتارلىق جەلپ قىلارلىق ساياھەت مەيدانى بار.



# ئۈرۈمچى شەھەر رايونى





# قاراماي شەھىرى

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]




## ئۈرۈمچى شەھەر رايونى






# قاراماي شەھىرى مەمۇرىي رايونلىرى






1 : 600 000

# قاراماي شەھىرىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى




53

52

1 : 600 000

# مايتاغ رايونى،قاراماي رايونى



مايتاغ رايونى ئەگرىبەندىڭ شىمالى ئېتىكىگە، مۇئەييەن ئويمانلىقنىڭ غەربىي جەنۇب چېتىگە جايلاشقان. شەرق، جەنۇب، غەرب ئۈچ تەرىپى شىخو شەھىرى بىلەن، شەرقىي شىمالى سەۋەن ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شىمالى دۆلەت يولى 312- لىنىيىسى ئارقىلىق كۈيتۇن شەھىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدا 3 كوچا باشقارمىسى قارايدۇ. رايونلۇق ھۆكۈمەت شەھەر رايونىنىڭ شەرقىي ... بولىدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 400 كۋادرات كىلومېتىر. 2003- يىلىدىكى ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 48 مىڭ 200 بولۇپ، ئاساسلىقى خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان.

مايتاغ رايونى شىمالى شىنجاڭ رايونىدىكى قاتناش مەركىزىگە جايلاشقان. تۆمۈريول، تاشيول قاتنىشى تەرەققىي قىلغان. ... دۆلەت يولى 312-، 217- لىنىيىسى ئوتتۇرا بەرمە ئۆتىدۇ. تۆمۈر يول ... لىنىيىسى شىمالى شىنجاڭ تۆمۈر يولى بىلەن تۇتىشىدۇ. ... مايتاغ رايونىدا ... قاتارلىق ... بار.

**قاراماي رايونى** مۇئەييەن ئويمانلىقنىڭ غەربىي شىمال چېتىگە جايلاشقان. شەرقىي سەۋەن ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى كۈيتۇن شەھىرى بىلەن، غەربىي شىخو شەھىرى، تولى ناھىيىسى بىلەن، شىمالى ئورقۇ رايونى، قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. قاراماي رايونىدا 6 كوچا باشقارمىسى، 1 يېزا قارايدۇ. رايونلۇق ھۆكۈمەت شەھەر رايونىدا بولىدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 5351 كۋادرات كىلومېتىر. 2003- يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 149 مىڭ. ئاساسلىقى خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان.

قاراماي رايونىنىڭ قاتنىشى قولايلىق. جەنۇب ... شىمالى ... دۆلەت يولى 217- لىنىيىسى رايون ... ئۆتىدۇ. شەرق، غەرب ... ئۆلكە يولى 201-، 221- لىنىيىسى ... ھەممە ياققا تۇتاشقان قاتناش تورىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن كونا قاراماي، قاراماي 1- قۇدۇقى، كان تارىخى كۆرگەزمىخانىسى، ... قاتارلىقلار بار.

1 : 450 000

# جەرەنبۇلاق رايونى،ئۇرخو رايونى


جەرەنبۇلاق رايونى قاراماي شەھىرىنىڭ شىمالىدا جايلاشقان، شەرقى قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى قاراماي رايونى بىلەن، غەربى تولى ناھىيىسى بىلەن، شىمالى ئۇرخو رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ. تۆۋىنىدە 2 كوچا باشقارمىسى قارايدۇ. رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى شەھەر رايونىدىكى سىنفۇ يولىدا. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1272 كۋادرات كىلومېتىر، 2003-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 58 مىڭ، ئاساسلىقى خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان.

جەرەنبۇلاق رايونىنىڭ قاتناش قولايلىق، دۆلەت يولى 217-لىنىيىسى رايون تەۋەسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ ھەمدە بىخەتلىك يولى بىلەن تۇتىشىپ مۇكەممەل قاتناش تورىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شەرقى تەرىپىدىكى 25 كىلومېتىرلىق جايدا 20 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تەبىئىي ئورمان بەلبېغى بار بولۇپ، بۇ يەردە يۇلغۇن، سۆكسۆكلەر بارقىراپ ئۆسكەن، جەرەن، بۆرە، توشقان، تۈلكە قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار كۆپ بولۇپ، بەلەنبى تەبىئىي ھايۋانلار باغچىسى ئاتىلىدۇ.

ئۇرخو رايونى قاراماي شەھىرىنىڭ شىمالىدا جايلاشقان، شەرقى، شىمال تەرىپى قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى جەرەنبۇلاق رايونى بىلەن، غەربى تولى ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. تۆۋىنىدە 1 كوچا باشقارمىسى، 1 يېزا قارايدۇ. رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى شەھەر رايونىدىكى سۆگەتلىك كوچىسىدا. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 2229 كۋادرات كىلومېتىر، 2003-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 6000 بولۇپ، ئاساسلىقى خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان.

ئۇرخو رايونىنىڭ قاتناش قولايلىق، دۆلەت يولى 217-لىنىيىسى رايون تەۋەلىكىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. يېشىل ئورمانغا پۈركەنگەن، يەرمەنتاھ سۈيى ئوقۇپلاپ تۇرغان دەم دەرياسى، ئەترىتاك كۆلى قاتارلىق گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىلىرى، شۇنى جۈملىگە ۋە دۇنياغا مەشھۇر بولغان «شەيتان شەھىرى»گە ئوخشاش مەنزىرە رايونى بار. بۇ يەردە ساقلىنىپ قالغان تاش قاتلاملىرى قاتتىق بوراننىڭ ئۇزاق يىللىق تەسىرىدە ھەر خىل شەكىللەرگە كىرگەن بولۇپ، بەزىلىرى قەلئە، ئىمارەتلەرگە، بەزىلىرى ھايۋانلارغا ئوخشىسا، بەزىلىرى ئادەملەرگە، يەنە بەزىلىرى شىپاڭ، راۋاقلارغا ئوخشايدۇ. بۇلاردىن ھەقىقىي ھەل قىلغۇچ كىشىنى ھەيرانلىق ئىچىدە قالدۇرىدۇ.








1 : 350 000

# تۇرپان ۋىلايىتى



[illegible]










# تۇرپان ۋىلايىتى مەمۇرىي رايونلىرى










1 : 1 100 000

# تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى



# تۇرپان شەھىرى




**تۇرپان شەھىرى** ئاپتونوم رايوننىڭ شەرقىي قىسمىدا، تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئويمانلىققا جايلاشقان. تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. شەرقى پىچان ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبى لوپنۇر ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربى توقسۇن ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالى ئۈرۈمچى شەھىرى، جىمسار ناھىيىسى، گۇچۇڭ ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. تۇرپان شەھىرى تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى. قارمىقىدا 2 كوچا باشقارمىسى، 2 بازار، 7 يېزا بار. شەھەرنىڭ جەمئىي مۇقىم نوپۇسى شەھەر رايونىدا ياشلار بولسا ئورۇنلاشقان. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 13650 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي 2003 - يىلىدىكى ئاھالىسىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 254 مىڭ 900 بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر بار.


تۇرپان شەھىرىنىڭ شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس، شىمالى قىسمى بوغدا تېغى، ئوتتۇرا قىسمى تۇرپان بوستانلىق ئويمانلىقى، جەنۇبى قىسمى پەس تاغ، جۇغراپىيىلىك بولۇپ، ئالاھىدە ئەرەش شەرقىدە قاراپ ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرا قىسمى تۆۋەنرەك كېلىدۇ. ئايدىڭكۆل دېڭىز يۈزىدىن تۆۋەن 154 پەس ئىچكى قۇرۇقلۇق ئويمانلىقى ھېسابلىنىدۇ. بۇ بەلبەغدىن دۇنيادا. تارىم سەلەسى قاتارلىق دەريا ئېقىنلىرى بار. ماڭىش كارىز بىر تالىق سۈيى باتلاش قۇرۇقلۇق مۇنتۇ بەرگە قۇرۇلغان. باغلىقلار ۋە رايونى شىملانغان قىرلىدا بېلىقلىرىدىن تۇر. كۆمۈر، نېفت قاتارلىقلار بار. باغۋەنچىلىك ھۈنەرلىرىدىن بىلەن، فولكلور، لېنس، سەرەن قاتارلىقلار بار. بولۇپمۇ ئۈزۈم، ئۇلانغۇ، ھەسەل، تاۋۇز، ئانار، قوغۇن، ئالما، ئۆرۈك قاتارلىقلار بار. تۇرپان شەھىرى مۆتىدىل بەلۋاغ رايونىدا قۇرغاق چۆل ئىقلىمىغا تەۋە. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 14.4℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 15.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2539.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 251 كۈن.

تۇرپان شەھىرى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ قاتناش تۈگۈنى، لەنجۇ-شىنجاڭ تۆمۈريولى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى مۇشۇ يەردە تۇتىشىدۇ، دۆلەت يولى 312 - لىنىيە، تۇرپان - ئۈرۈمچى - داۋانچىڭ يولىرى مەركىزىدىن ئالاھىدە شەھەر ئىچىگە كىرىپ ئۆتىدۇ. تۇرپان شەھرى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ گىرەلىشىپ كەلگەن ۋە تۈرلۈك تەرەققىيات كەچۈرگەن جاي بولۇپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مول. يارغول قەدىمىي شەھىرى، ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى، بېزەكلىك مىڭ ئۆي، سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى قاتارلىقلار بار. داڭلىق مەنزىرىلىك جايلاردىن ئالۋۇتتاغ، ئۈزۈملۈك، كارىز، ئايدىڭكۆل قاتارلىقلار بار.




1 : 650 000

# پىچان ناھىيىسى



**پىچان ناھىيىسى** تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى بوغدا تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكى، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان. شەرقتە قۇمۇل شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبىدا چاقىلىق ناھىيىسىگە تۇتىشىدۇ، غەربتە تۇرپان شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالدا گۇچۇڭ ناھىيىسى، موري قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. پىچان ناھىيىسىنىڭ قارمىقىدا 5 بازار، 5 يېزا بار. پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەر مەيدانى 39548 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 210 مىڭ.

پىچان ناھىيىسىنىڭ شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس، شىمالىي قىسمى بوغدا تېغى، ئوتتۇرا قىسمى تۇرپان ئويمانلىقى ۋە قۇمۇل ئويمانلىقى، جەنۇبىي قىسمى چۆللۈك ۋە قۇملۇق. سۇ بايلىقىدىن تۈزلەڭلىك ئېقىنلىرى، كۆكيار دەرياسى، كەرچى دەرياسى قاتارلىقلار بار. ھېرىلما بايلىقلىرىدىن نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر، تۆمۈر، ئالتۇن، مەرمەر تاش، بېنتونىت، نىترات قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن ياۋا تۆگە، ئارقار، قوڭۇر ئېيىق قاتارلىقلار بار، ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن سوغىگۈل، قىلتىيەر، چاكاندا قاتارلىقلار بار. پىچان ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ رايونىدىكى قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە، كۈننىڭ چۈشۈشى يېتەرلىك، ئىسسىقلىق كۈچى مول، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 27.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2515.0 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 245 كۈن.


پىچان ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى قولايلىق، دۆلەت يولى 312-لىنىيىسى، لەنجۇ-شىنجاڭ تۆمۈر يولى پۈتۈن ناھىيىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. پىچان ناھىيىسىنىڭ ساياھەت بايلىقى مول، ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدا دۆلەت دەرىجىلىك «ئالتۇن مەنزىرە رايونى» قۇمتاغ قۇملۇقى بار، بالغۇنتاغنىڭ شەرقىدىكى لەمجىن جىلغىسى ئىچىدە جۇڭگو ئىچىدىكى يەت تاش ئويمىلىرى بار ھەمدە دۆلەت تاشيولى 312-لىنىيىسىنىڭ بويىدا مۆكەممەل ساقلانغان جىن سۇلالىسى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۆي بار. ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدە تۇيۇق مىڭ ئۆيى بار بولۇپ، بۇ تۇرپان ۋىلايىتىدىكى ئەڭ بۇرۇن قېزىلغان بۇددا دىنى تاش كېمىرلىرى ئۆيى.

# توقسۇن ناھىيىسى

**توقسۇن ناھىيىسى** تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكى، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان. شەرقىي تۇرپان شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبىي لوپنۇر ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي خېجىڭ ناھىيىسى، خوشۇت ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالىي ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. توقسۇن ناھىيىسىنىڭ قارمىقىدا 3 بازار، 4 يېزا بار. پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەر مەيدانى 16126 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 110 مىڭ.

توقسۇن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمال قىسمى تەڭرىتاغ تاغلىق رايونى، ئوتتۇرا، شىمالىي قىسمى تۇرپان ئويمانلىقى، جەنۇبىي قىسمى چۆل تاغلىق بەلۋېغى بولۇپ، مەملىكەت بويىچە بىردىنبىر دېڭىز يۈزىدىن تۆۋەنلىكى ئەڭ چوڭ بولغان شەھەر-بازار. بۇ ناھىيىدىكى ئالتۇن ئۇچىقى، باشقا ئۇچاقلىق قاتارلىق سۇ مەنبەسى بار. مىنېرال بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، تۇز، ئازبولغان تۇز، سېمونت، نېفىت، گۈڭگۈرتلۈك ئېلېكتر، مىس، سېمېنت، تاشتۇز، گۈڭگۈرت قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن بۈركۈت، قوڭۇر ئېيىق، تاغ تېكىسى، ئارقار، ئاق قۇ، تۇلار قاتارلىقلار بار. ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن سۆگەت، قىزىلىمچا، قار لەيلىسى، ئۈجمە، جاڭگال قاتارلىقلار بار. توقسۇن ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ زېمىن قۇرغاق كىلىماتقا تەۋە، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 14.1°C، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 8.7 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 3171.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 290 كۈن.

توقسۇن ناھىيىسى جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىنجاڭنى تۇتاشتۇرىدىغان قاتناش تۈگۈنى، دۆلەت يولى 312-لىنىيىسى بىلەن دۆلەت يولى 314-لىنىيىسى بۇ يەردە كېسىشىدۇ. تۇرپان-ئۈرۈمچى-داۋانچىڭ تولۇق دەرىجىلىك تاشيولى، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى پۈتۈن ناھىيىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. توقسۇن ناھىيىسىدە قەدىمىي يادىكارلىقلاردىن يېڭى تاش دەۋرى قورغانلار دەۋرى خارابىسى، چىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تاش تۇر، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇر، كۆنچى سۇ ئېقىنى، ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقى قاتارلىقلار بار.






1 : 700 000

# قۇمۇل ۋىلايىتى



**رايوننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى:** [illegible]

**تەبىئىي بايلىقى:** [illegible]

**قاتناش ۋە ساياھەتچىلىك:** [illegible]


[illegible]

# تۇرپان شەھەر رايونى



# قۇمۇل ۋىلايىتى مەمۇرىي رايونلىرى








1 : 1 650 000

# قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى



75

74


1 : 1 650 000

# قۇمۇل شەھىرى

**قۇمۇل شەھىرى** تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ئېتىكىگە جايلاشقان، شەرقى گەنسۇ ئۆلكىسى بىلەن، جەنۇبى چاقىلىق ناھىيىسى بىلەن، غەربى پىچان ناھىيىسى، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن، شىمالى باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شەرقىي شىمالى موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. قۇمۇل شەھىرى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ، تەۋەلىكىدە 5 كوچا ئىشخانىسى، 4 بازار، 14 يېزا بار. شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى شەھەر رايونىنىڭ گۇاڭدۇڭ يولىدا. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 80788 كۋادرات كىلومېتىر، 2003-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى شەھەر ئومۇمىي نوپۇسى 403 مىڭ 600 بولۇپ، ئاساسلىقى خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان.

قۇمۇل شەھىرىنىڭ شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس بولۇپ، شىمالىي قىسمى شەرقىي تەڭرىتاغ تىزمىسى، شەرقىي، جەنۇبىي قىسىملىرى قۇرغاق پاكار تاغ-ئېدىرلار، ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمى قۇمۇل ئويمانلىقى. سۇ بايلىقىدىن تەڭرىتاغ قار سۈيىدىن تەشكىللەنگەن 29 دەريا بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، نىكېل قاتارلىقلار بار. يەرلىك ھاسىلاتلاردىن قوغۇن، ئۈزۈم، قىزىل چىلان، ئاق ئاشقان قاتارلىقلار بار. ياۋا ھايۋانلاردىن ياۋا تۆگە، ياۋا ئېشەك، ئاقبۆكەن قاتارلىقلار بار. قۇمۇل شەھىرى ئوتتۇرا بەلۋاغ قۇرغاقلىق ئىسسىق كىلىماتقا تەۋە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10.0℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 39.2 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2558.9 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 218 كۈن.

قۇمۇل شەھىرىنىڭ چېگرىسىدا جوڭ-موڭغۇل مۇۋەققەت ئېغىزى بار بولۇپ، قاتناش قولايلىق. لەنجۇ-شىنجاڭ تۆمۈر يولى، دۆلەت يولى 312-لىنىيىسى شەھەر ئىچىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. قۇمۇلدا نېفىت-گاز سانائىتى ئاساسلىق، يېنىك سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى تەرەققىي قىلغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت ئابىدىلەر بار. داڭلىق مەنزىرە رايونلىرىدىن ئاقتاش مەنزىرە رايونى، شەمبالىكەرىش، سايپۇڭ قاتارلىقلار بار.




1 : 1 350 000


# باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى

## باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى

تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. شەرقىي ئاراتۈرۈك ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى قۇمۇل شەھىرى بىلەن، غەربىي موري قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالى موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. تەۋەسىدە 4 بازار، 8 يېزا بار. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 36947 كىۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 100 مىڭ.

باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس. سۇ بايلىقىدىن ئاساسلىقى بەسىكۆل، باركۆل كۆلى ۋە تۇزلۇقتىكى بۇلاقلار بار. قېزىلما بايلىقىدىن ئالتۇن، نېفىت، كۆمۈر قاتارلىق 30 نەچچە خىلى بار. ياۋايى ھايۋانات بايلىقىدىن تاغ تېكىسى، بۆرە، ئارقار قاتارلىق 10 نەچچە خىلى بار. ئوتتۇرا دورا ئۆسۈملۈك بايلىقىدىن چاكاندا، سۇۋاپ قاتارلىق 500 نەچچە خىلى بار، يۇلغۇن ئىچىدە تاغ ئەمەلىسى، موگۇ، بېلىق ۋولونلاقتىنىڭ ئۈچ گۆھىرى دەپ نام ئالغان. باركۆل ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ ئىسسىقلىقىنى قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 1.8°C، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 220.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1635.7 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 116 كۈن.

باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى ئىگىلىكى ئاساس قىلىدۇ. تەۋەسىدىكى نۇمۇرتام ئۆتكەل 1-دەرىجىلىك پورتى موڭغۇلىيىگە قاتنىشىدىغان سودا يولى. باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تارىختىكى يىپەك يولىنىڭ شەھىرى بولۇپ، دائىم قەدىمىي شەھەر خارابىسى، باركۆل مەسچىتلىك خارابىسى، تەڭرى قەدىمىي قەبرىستانلىقى، ياپىگۇل قىيا تاش سىزمىلىرى، ئۇي، سەپتىلىك داغلار، رەسىملىك تاش قاتارلىقلار بار. داڭلىق مەنزىرىلىك جايلاردىن باركۆل كۆلى، باركۆل ئوتلىقى، قۇمۇلدىن بىلىش ئارىلىقى، ساربۇلاق، يۇغلىقى، ئۈچۈرتام كۆلى (جۇڭگودىكى ئەڭ ئېگىز دۆلەت ئاتقىلىق كۆل) قاتارلىقلار بار.




# ئاراتۈرۈك ناھىيىسى

ئاراتۈرۈك ناھىيىسى شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان، جەنۇبىي قۇمۇل شەھىرى بىلەن، غەربىي شىمالىي باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شەرقىي شىمالىي موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ تەۋەسىدە 2 بازار، 5 يېزا بار. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 19511 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 20 مىڭ.

ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي ئېگىز، شىمالىي پەس، جەنۇبىي قىسمى تەڭرىتاغ ئاغزىلىق رايونى، ئوتتۇرا قىسمى كالاڭ ئېتىكىدىكى تەكشىلىكلەرگە يانتۇ تۈزلەڭلىك، شىمالىي قىسمى نوم جىلغىسى، سۇ بايلىقى ئاساسلىقى جۇر سۈيى ۋە تاغ ئارىسىدىكى بۇلاقلاردىن كېلىدۇ. قېزىلما بايلىقتىن تۆمۈر، مىس، ئالتۇن، كۆمۈر، نېفىت، گرانىت قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن ياۋا تۆگە، ياۋا ئېشەك، ياۋا چوشقا، ئايغىر تۆگە، بۆرە، ئارقار، تۈلكە، قولقۇر ئېيىق قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلەردىن موگۇ، تاغ ئەنسىسى، چاكاندا، بۇيۇتكۈلى قاتارلىقلار بار. ئاراتۈرۈك ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقلىق سىيەدىكى قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا كىرىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 3.9℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 103.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2179.5 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 156 كۈن.

ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە ئاشلىق قاتنىشى ئاساس قىلىنىدۇ، بۇ ناھىيىدە ساياھەت بايلىقى مول، يېشىل ئاراتۈرۈك دەرياسى مەركەز قىلىنغان ھالدا «3 چوڭ مەنزىرە رايونى»، جەمئىي [illegible] چوڭ ساياھەت نۇقتىسى» ئېچىلغان. «3 چوڭ مەنزىرە» دېگىنىمىز غەربتىكى ئوتلاق مەنزىرىسى، ئوتتۇرا قىسىمدىكى ئاركېئولوگىيىلىك مەنزىرە ۋە شەرقتىكى بوستانلىق مەنزىرىسى. «8 چوڭ ساياھەت نۇقتىسى» دېگىنىمىز قۇم ساداسى تېغى، قىزىل تاش، تۇركۆل، قازاق تاغ ئېرىقى، سىلىسلانغان دەرەخلىك باغچىسى، ئومۇرقىسى، يېشىل ئاراتۈرۈك دەرياسى، ياي تاش ياۋا تۆگە نەسلى ئۇھايىسى رايونى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن كارىزلار، ياي قىيا تاش سىزمىلىرى بار.







# سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى



# قۇمۇل شەھەر رايونى




# سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى مەمۇرىي رايونلىرى



1 / 1 250 000

# سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى








1 : 1 250 000

# سانجى شەھرى







**سانجى شەھرى** [illegible]

[illegible]

[illegible]


1 : 650 000

# فۇكاڭ شەھىرى

**فۇكاڭ شەھىرى** تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي بۆلىكى، شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، شەرقىي جىمسار ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبىي ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن، غەربىي مىچۈەن شەھىرى بىلەن، شىمالىي كۆكتوقاي ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. فۇكاڭ شەھىرى تەۋەسىدە 3 كوچا باشقارمىسى، 4 بازار، 3 يېزا بار، ئومۇمىي يەر مەيدانى 8530 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 150 مىڭ.


فۇكاڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبىي ئېگىز، شىمالىي پەس بولۇپ، جەنۇبىي قىسمى بوغدا تېغى، شىمالىي گۇربانتۇڭغۇت قۇملۇقى، ئوتتۇرا قىسمى تاغ ئېتىكى تۈزلەڭلىكى. سۇ بايلىقىدىن سەنگۇڭ دەرياسى، جىمسالغى دەرياسى قاتارلىقلار بار. ئېنىقلانغان ۋە زاپاسى ئىشلىتىلگەن قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز، تۆمۈر، سلانېتس، ھاك تاش قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن سۈلەيسۇن، ئاق بۆكەن، جەرەن، ئۇلار، قوڭۇر ئېيىق قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلەردىن سوسىگۈل، تاغ لەيلىسى، دالگۈي، قاشتېشى، بەرىكى، چۈچۈكبۇيا، بەرمەدىكى، ئەنلىك، سۆزۈك قاتارلىقلار بار. فۇكاڭ شەھىرى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقچىلىق ئىقلىمىغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 7.0℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 227.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1811.9 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروۋسىز مەزگىلى 164 كۈن.


فۇكاڭ شەھىرى ئۈرۈمچى شەھىرى ئەتراپىدىكى مۇھىم ئورۇندا بولۇپ، دۆلەت يولى 216-لىنىيىسى، تۇرپان، ئۈرۈمچى، داخۇاڭشەن تېز سۈرئەتلىك يولى شەھەر تەۋەسىدىن ئۆتىدۇ. ئۆلكە يولى 111-لىنىيىسى بىلەن 303-لىنىيىسى ئۆزئارا تۇتىشىدۇ. فۇكاڭ شەھىرىنىڭ ساياھەتچىلىك بايلىقى ئۆزگىچىلىككە ئىگە، مەملىكەتلىك مەشھۇر بوغدا دۆلەت دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى بوغدا چوققىسى ئاستىغا جايلاشقان بولۇپ، تەڭرى كۆلى چوققىلار ۋە جەنەتلەر بىلەن ئورالغان. قارلىق تاغ، قويۇق ئورمان، يېشىل سۇ كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان ئېگىز تاغ ئۇلۇغ مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈرگەن.



1 : 450 000

# مىچۈەن شەھىرى






**قۇتۇبى ناھىيىسى** تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكى شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. شەرقىي سانجى شەھىرى بىلەن، جەنۇبىي خېجىڭ ناھىيىسى بىلەن، غەربىي ماناس ناھىيىسى بىلەن، شىمالىي قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. قۇتۇبى ناھىيىسىدە 6 بازار، 2 يېزا بار. ئومۇمىي يەر مەيدانى 9476 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 210 مىڭ.

قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي ئېگىز، شىمالىي پەس بولۇپ، جەنۇبىي قىسمى تەڭرىتاغ تاغلىق رايونى، شىمالىي گۈربانتۇڭگۇت قۇملۇقى، ئوتتۇرا قىسمى تۈزلەڭ ئىسما بوستانلىق ۋە بوزلاڭلىق. سۇ بايلىقىدىن قۇتۇبى دەرياسى، جۇڭگول دەرياسى بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئىسپاتلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز، كىنەك تاش، داق تاش، كرىستال، ھاك تاش قاتارلىقلار بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىسپاتلانغان تەبىئىي گاز زاپىسى 34 مىليارد 700 مىليون تونا. يابايى ھايۋانلاردىن ئايىق، بۆرە، يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى، جەرەن، لاچىن، بۈركۈت قاتارلىقلار بار. يەنە دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن سوغۇلما، تاغ لەيلىسى، قاشتېشى، زاغرا، سۆگەت، ئاق چوملۇق، ئاقلاپ، ھۆپۈپگۈلى، مەرمەرچۈپ، ئەقىرقاھ، قىزىل يىلتىزلىق قاتارلىق 100 نەچچە خىلى بار.

قۇتۇبى ناھىيىسى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلباغ قۇرغاقچىلىقىدىكى قۇرغاق، تېشلىما ئىقلىم بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 6.7℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 167 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2341.2 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 173 كۈن.

قۇتۇبى ناھىيىسى تەڭرىتاغ شىمالىي ئېتىكى ئىقتىساد بەلبېغىدا بولۇپ، قاتناش ئەرخىلى قولاي، ئۈرۈمچى-ئىلى تۆمۈر يولى، سانجى-قۇتۇبى يولى، دۆلەت يولى 312-لىنىيىسى ۋە شىمالىي تېمىرياق تاش يولى ناھىيە تەۋەسىدىن ئوتتۇرا كېسىپ ئۆتىدۇ. قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن ئۆتمۈشتىكى قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىدىن قىيا تاش سىزمىلىرى بار. بۇ قىيا تاش سىزمىسىدا ئېگىزلىكى 20 مېتىر ئۆزۈنلۈكىدىكى تەكشى قىيا تاشقا چوڭ-كىچىك، ئېگىز-پاكارلىقى ئوخشىمايدىغان نەچچە يۈز ئەر-ئايالنىڭ سۈرىتى ئويۇپ چىقىرىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قىيپىتىنىڭ يالىڭاچ ئويۇلار ئەكىس ئەتتۈرۈلگەن. ساياھەت مەنزىرە جايلىرىدىن قۇتۇبى جەنۇبىي تاغ ئورمان باغچىسى، ئاق تاش تاغ ئارامگاھى، خوكتىن سۇ ئامبىرى قاتارلىقلار بار.

1 : 650 000



1 : 600 000

**ماناس ناھىيىسى** تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقىي قۇتۇبى ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبىي خېجىڭ ناھىيىسى بىلەن، غەربىي شىخەنزە شەھىرى، سائۇەن ناھىيىسى بىلەن، شىمالىي قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ماناس ناھىيىسىگە 7 بازار، 4 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 9174 كىۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 170 مىڭ.

ماناس ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس بولۇپ، جەنۇبىي قىسمى تەڭرىتاغ تاغلىق رايونى، شىمالىي قىسمى گۇربانتۇڭگۇت قۇملۇقى، ئوتتۇرا قىسمى ئېقىن ئىنما يوتىلىقى ۋە تۈزلەڭلىك. سۇ بايلىقىدىن ماناس دەرياسى، تاسىرغاق دەرياسى بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن سېرىق ئالتۇن، مىس، ئالتۇن، قاشتېشى، كۆمۈر، قىزىل توپا، كۆمۈش قاتارلىقلار بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كۆمۈر بايلىقى 1 مىليارد 600 مىليون توننا. ماناستا چىقىدىغان ياقۇت جۇڭگودىكى ئۈچ چوڭ قاشتېشى ئورنىنىڭ بىرى بولۇپ، رەڭگى سۈزۈك، سۈپىتى ياخشى بولغاچقا، چىڭ دەۋرىدىلا چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا تەقدىم قىلىنغان بۇ يەردە ئىشلەپچىقارغان زىبۇزىنەت بۇيۇملار مەملىكەتكە تارقالغان. ياۋايى ھايۋانات بايلىقىدىن بۇغا، ئاق ئۆپكىسى، ئايغىر بۇغا، قوڭۇر ئېيىق، تۈلكە، سۇغۇر، تارغاق قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈك بايلىقىدىن تاغ لەيلىسى، تۇڭگۇلاق، قىلتىيۇر، بەرقۇت، سوغۇنچاق، چوچۇكبۇيا قاتارلىقلار بار.


ماناس ناھىيىسى قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 6.9℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 190.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1714.1 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 167 كۈن.

ماناس ناھىيىسى تەڭرىتاغ شىمالىي ئېتىكى ئىقتىسادىي بەلبېغىدا بولۇپ، قاتناش قولايلىق. ئۈرۈمچى-كۈيتۇن تېز يولى، ماشىنىلىق تۆمۈر يولى، دۆلەت يولى 312-لىنىيىسى ۋە شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى ناھىيە تەۋەسىدىن ئوتتۇرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا 101-، 201-، 202-، 204-لىنىيىلىرى ناھىيىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. شىمالىي شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ ئوت ئېلېكتىر ئىستانسىسى مۇشۇ ناھىيىدە. ماناس ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن قىيا تاش سىزمىلىرى، تۆر، بۇددا ئىبادەتخانىسى قاتارلىقلار بار. دىققەت مەركىزى رايونلىرىدىن شىخۇباۋزى، تاسىرغاق دەرياسى شارقىرىمىسى، جىڭ، كىچىك ئېرەكلىكى سايلىقى، جىنىگو سايلىقى، شىمالىي قۇملۇق مەنزىرىسى، خوشاۋۇزا ئوت تارىشلىقى قاتارلىقلار بار.


**گۇچۇڭ ناھىيىسى** بوغدا تېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكى شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقىي موري قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبىي تۇرپان شەھىرى، پىچان ناھىيىسى بىلەن، غەربىي جىمسار ناھىيىسى بىلەن، شىمالىي كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شەرقىي شىمالىي موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. قارمىقىدا 6 بازار، 9 يېزا بار. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 16641 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 230 مىڭ.

گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئېگىز، ئوتتۇرىسى پەس بولۇپ، جەنۇبىي قىسمى بوغدا تېغى، شىمالىي قىسمى گۇربانتۇڭگۇت قۇملۇقى، شەرقىي شىمالىي بەيتاغ تېغى. بۇ يەرلەردىن ئۈلۈمچى دەرياسى، دالىچۇلۇ دەرياسى، كۆكتوقاي دەرياسى، سىلىۋىي دەرياسى قاتارلىقلار بار، بۇلاقلار ۋە زېمىن ئاستى سۈيى مول. كۆمۈر، ئالتۇن، تۆمۈر قاتارلىقلار بار، ياۋايى ھايۋانلاردىن تاغ ئۆچكىسى، سۈلەيسۇن، ئاقبۆكەن، تاغ ئۆچكىسى، جەرەن قاتارلىقلار بار، ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن قاسېپىر، چۈچۈكبۇيا، بەرپىدەكى، بېرىلىق قاتارلىقلار بار. گۇچۇڭ ناھىيىسى ئوتتۇرا بەلۋاغ قۇرغاقلىق ئىسسىقلىق قۇرغاق-يېرىم قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 5.2℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 192 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1917.1 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 159 كۈن.

گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ تارىخى ئۇزاق بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ 228 – 303 - يىللىرى ناھىيە تەسىس قىلىنغان كېيىن كۆچۈرۈلگەن. ناھىيە مەركىزىدىكى ئۇلاستاي، بورنى، سولغۇلىنىڭ ئىچىدىكى تۇرا يولى ھېسابلىنىدۇ. گۇچۇڭ ناھىيىسىدە ئەدەبىيىسى، بوغدا شىمالىي قىسمىدىكى ئەدەبىيىسى كۆزەل. بۇ يەردە ئاسىيا قىتئەسى بويىچە ئەڭ چوڭ بولغان دىنوزاۋر قېزىلمىسى تېپىلغان، دۇنيا بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرىدىغان دىنوزاۋرلار سۆڭىكى كۆرگەزمىسى.



# جىمسار ناھىيىسى




1 : 450 000



**موری قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى** تەڭرىتاغ شەرقى بۆلىكىنىڭ شىمالى ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقى جەنۇبى چېتىگە جايلاشقان. شەرقى باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى پىچان ناھىيىسى، تۇرپان شەھىرى بىلەن، غەربى گۇچۇڭ ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شىمالى موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. موری قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىگە 3 بازار، 8 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 13510 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 90 مىڭ.

موری قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ شەرقى، جەنۇب ۋە شىمال تەرىپىنى تاغ بىلەن ئورالغان بولۇپ، پىرىم تۈزلەڭ ئويمانلىقنى شەكىللەندۈرگەن. سۇ بايلىقىدىن موری دەرياسى، بەيياڭخې دەرياسى، دۇلجىناڭ دەرياسى، شياۋئۇڭخو دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، ئالتۇن، ئۇچۇر، سەيرەك، رېنىي، ۋولفرام، مىس قاتارلىقلار بار. يۇقىرى ھايۋانلارنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، بۇلبۇل، قوڭغۇر ئېيىق، تاغ ئۆچكىسى، ئارقار، ئاق قۇ قاتارلىقلار بار. ياۋا ئوزۇق ئۆسۈملۈكلىرىدىن سوغۇتكۈل، سۇغاپ، تاغ ئەمگىسى، پەرىلى قاتارلىقلار بار. موری قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقلىق ئىسسىق قۇرۇق كىلىمات رايونىغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 5.3℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 326.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2204.7 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 142 كۈن.

موری قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ تارىخى ئۇزاق بولۇپ، تۆلكە بولسانىڭ 303. ناھىيە تەۋەسىدە كېسەك ئۆتىدۇ. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن قىيا تاش سىزمىلىرى، سەككىز ئىبادەتخانىسى قەدىمكى شەھەر خارابىسى قاتارلىقلار بار. ئاتلىق مەنزىرىلىك جايلىرىدىن تونۇرلۇق، قۇم سادالىق، دالۇۋاڭ تورپان ناھىيىسى، شېنشەنچۇڭ، قىيار قاتارلىقلار بار. قۇم سادالىق ئىبادەت قۇمىنىڭ ئۆلۈرى ئاجايىپ بولۇپ، قۇملار يېڭى كۆچمەندە سىيرىلسا، گۈلدۈرلەپ سىيرىلىش ئاۋازىنى چىقىرىدۇ. بۇ ئېلىمىز بويىچە مەرىكىچە بايقالغان قۇم سادالىق ئەڭ كۆلەملىك بولغان قۇم سادالىق ئىبى ھېسابلىنىدۇ.




# بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى






# سانجى شەھەر رايونى



# بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى مەمۇرىي رايونلىرى









1 : 850 000

# بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى





1 : 830 000

# بورتالا شەھىرى

**بورتالا شەھىرى** تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي ئۇچىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان، شەرقى جىڭ ناھىيىسى، تولى ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى غۇلجا ناھىيىسى، قورغاس ناھىيىسى بىلەن، غەربىي ئارىشاڭ ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالى قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. قارمىقىدا 4 كوچا باشقارمىسى، 3 بازار، 2 يېزا بار. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 7819 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 230 مىڭ.

بورتالا شەھىرىنىڭ جەنۇبى، شىمالى ئېگىز، ئوتتۇرىسى پەس بولۇپ، شىمالىي قىسمى ئالاتاغ تېغى، جەنۇبىي قىسمى كۆكتۇرچىن تېغى ۋە سايرام كۆلى رايونى، ئوتتۇرا قىسمى بورتالا دەرياسى ئېقىن نىسبەتەن تۈزلەڭلىكى، سۇ باشلىنىدىغان بورتالا دەرياسى، بۇردى دەرياسى، سايرام كۆلى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ھاك تاش، كۆمۈر، گرافىت، پىرىت، ماگنىت، مىس، كۋارتس قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن بۈركۈت، قوڭۇر ئېيىق، قابان، بۇغا، ئاق قۇ قاتارلىقلار بار. ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن چاكاندا، سوغۇگۈل، بۆجەكچىلا، قانتېمىر، ئەئلىكتۈت، ئالقات، سۆزاپ قاتارلىقلار بار. بورتالا شەھىرى مۆتىدىل مۆتىدىل قۇرغاق كىلىماتقا تەۋە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 6.3℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 178.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1560.5 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 164 كۈن.

بورتالا شەھىرى ياۋروپا-ئاسىيا 2-يېڭى قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى جۇڭگو بۆلىكىنىڭ غەربىي كۆۋرۈكى ھېسابلىنىدۇ، ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئالاتاغ پورتى مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي رايوندىكى تۆمۈريول، تاشيول ئىككى قاتنايدىغان بىرىنچى 1-دەرىجىلىك پورتى ھېسابلىنىدۇ. بورتالا شەھىرىنىڭ ساياھەت بايلىقى مول بولۇپ، ئېگىز تاغ كۆلى بولغان سايرام كۆلى، قويناش، سۇقىتىنى مەنزىرىگە ئىگە بولغان ھارتۇراك مەنزىرە رايونى قاتارلىقلار بار. بۇنىڭدىن باشقا يەنە دالىئو ھارابىسى، چىنئەيلى قەدىمىي شەھىرى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بار.




# جىڭ ناھىيىسى



**جىڭ ناھىيىسى** تەڭرىتېغىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى بولغان بورىخورو تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقى شىخو ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى نىلقا ناھىيىسى، غۇلجا ناھىيىسى بىلەن، غەربىي بورتالا شەھىرى بىلەن، شىمالى تولى ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. جىڭ ناھىيىسىگە 2 بازار، 3 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 11181 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 120 مىڭ.


جىڭ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس بولۇپ، جەنۇبىي قىسمى تەڭرىتاغ تاغلىق رايونى، ئوتتۇرا قىسمى بورتالا دەرياسى ئېقىن ئىنشا تۈزلەڭلىكى، شىمالىي قىسمى ئېبىنۇر كۆلى رايونى. سۇ بايلىقىدىن جىڭ دەرياسى، داخېيزى دەرياسى، ئاۋال دەرياسى، توتوگ دەرياسى، ئېبىنۇر كۆلى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن سېرىق ئالتۇن، كۆمۈر، قوي، مولىبدېن، فوسفور، ماگنىي سۇلفات، بور، يود قاتارلىق 28 خىل تۈرى بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن ئارقار، ئېلىك، بۇغا، بۆرە، تۈلكە، سۈلەيسۈن، ياۋا توڭگۇز قاتارلىقلار بار. ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن سۆزەپ، چۈچۈكبۇيا، سۇمكۈل، قىزىلچە، يۇڭتە، ئەگىرچكەك، دالىگۈل قاتارلىقلار بار. جىڭ ناھىيىسى ئىسسىق بەلۋاغ قۇرغاقلىق ئىچىدىكى قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 7.8℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 102.0 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1512.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 178 كۈن.

جىڭ ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشقان ئالتۇن ئۆتكەل. جىڭ ناھىيىسىنىڭ ساياھەت بايلىقى مول بولۇپ، ئېبىنۇر كۆلى ئۆلكىلىك قۇم ساھىلى مەنزىرە رايونى، ئاتاقلىق مەنزىرىلىك ساياھەت رايونى، دۆلەتلىك مەنزىرىلىك ئورمان رايونى قاتارلىقلار بار. ئېبىنۇر كۆلى شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ ئاچچىق سۇ كۆلى بولۇپ، ھەر يىلى قۇشلار كۆچۈپ كېلىش ۋە كۆچۈپ كېتىش پەسلىدە، ئۇ يەرگە نەچچە يۈزمىڭ قۇش توپلىنىدۇ. كۆل سۈيى دولقۇنلاپ، ئادەمنى مەپتۇن قىلغۇدەك مەنزىرىنى تەشكىل قىلىدۇ.






# ئارشاڭ ناھىيىسى







**ئارشاڭ ناھىيىسى** مەملىكەت بويىچە بىردىنبىر «ئارشاڭ» سۆزى بىلەن نام بېرىلگەن ناھىيە بولۇپ، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە، بورتالا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىن ۋادا بەلۋىغىغا جايلاشقان. شەرقى بورتالا شەھىرى بىلەن، جەنۇبى قورغاس ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. غەربىي ۋە شىمالى قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئارشاڭ ناھىيىسىگە 2 بازار، 4 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 5900 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 70 مىڭ.

ئارشاڭ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى ئېگىز، ئوتتۇرىسى پەس بولۇپ، شىمالى قىسمى ئالاتاۋ تېغى، جەنۇبى قىسمى بېگىنتاۋ تېغى، ئوتتۇرا قىسمى بورتالا دەرياسى ئېقىن ئىنشا تۈزلەڭلىكى. بۇ ناھىيىدىن بورتالا دەرياسى، ئونئۈگەن دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن ۋولفرام، تۆمۈر، مىس، قەلەي، نىكىل، ملاخىت، گەج، ئالتۇن قاتارلىقلار بار. داۋالىش خاسلىقىغا ئىگە ئىسسىق بۇلاق، مەرمەر، تاغ تۆچكىسى، تىيىن، سىلەنسىن، شىمال مەجنۇنتېرىكى قاتارلىقلار بار. بۇ ناھىيىدە شىمال مەجنۇنتېرىكى مۇھىم [illegible] ھېسابلىنىدۇ. [illegible] قاتارلىقلار بار.

ئارشاڭ ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقلىق ئىقلىمىغا مەنسۇپ بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 3.9℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 231.7 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1464.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 139 كۈن.

ئارشاڭ ناھىيە ئىقتىسادىدا [illegible] بولۇپ، [illegible] 304 - [illegible] بورتالا [illegible] 312 - [illegible] ئۆتىدۇ. ئارشاڭ ناھىيىسىدە [illegible] بولۇپ، [illegible]

[illegible]

1 : 400 000

# بايىنغولىن
# موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى




**رايوننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى** [illegible]

**تەبىئىي بايلىقى** [illegible]


**قاتناش ۋە ساياھەتچىلىك** [illegible]

# بورتالا شەھەر رايونى





# باينغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى مەمۇرىي رايونلىرى



1 : 3 500 000

# بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى








1 : 3 500 000

# كورلا شەھىرى

**كورلا شەھىرى** نەشپۈت شەھىرى دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، تەڭرىتېغىنىڭ ئارمىقى بولغان خورا تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقىي باغراش ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبىي لوپنۇر ناھىيىسى بىلەن، غەربىي بۈگۈر ناھىيىسى بىلەن، شىمالىي يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. كورلا شەھىرى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ، قارىمىقىدا 5 كوچا باشقارمىسى، 2 بازار، 9 يېزا بار. ئومۇمىي يەر ئۆلچىمى 7219 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 390 مىڭ.

كورلا شەھىرىنىڭ شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس بولۇپ، شىمالىي قىسمى خورا تېغى، جەنۇبىي قىسمى تارىم ئېقىن تۈزلەڭلىكى. سۇ بايلىقىدىن تارىم دەرياسى، كۆنچى دەرياسى قاتارلىق دەريا-ئېقىنلار بار. بايقالغان ۋە زاپاسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن بوغان باش بېلىق، ياۋا ئۆردەك، ئايغان بۇغا، تاغ ئۆچكىسى، ئاق قۇ قاتارلىقلار بار. ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، سوغۇكۆل، تاللىق، لوپنۇر كەندىرى قاتارلىقلار بار. كورلا شەھىرى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقلىق ئېقىمدىكى قۇرغاق كلىمات رايونىغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 57.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2714.7 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 231 كۈن.

كورلا شەھىرى شىنجاڭنىڭ مەركىزىي بەلبېغىدا جايلاشقان، جەنۇبىي-شىمالىي شىنجاڭنىڭ قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، تاشيول ترانسپورتى ئاساس، تۆمۈر يول، ئايروپىلان، تۇرۇبا ترانسپورتى تەڭ ئېلىپ بارىدىغان زامانىۋى ستېرېئولۇق قاتناش - ترانسپورت تورى شەكىللەندى. كورلا شەھىرى شىنجاڭدىكى مۇنەۋۋەر ساياھەت شەھەرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، دۆلەت تەرىپىدىن ئەلا باھالانغان مۇھىت ئۈلگىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، شەھەر قىياپىتى رەتلىك ھەم پاكىز. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن باشئەگىم، تەشمە خارابىسى قاتارلىقلار بار.




1 : 450 000

**بۈگۈر ناھىيىسى** تەڭرىتاغ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى ئوتتۇرا بۆلىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان، شەرقىي كورلا شەھىرى بىلەن، جەنۇبىي لوپنۇر ناھىيىسى بىلەن، غەربىي كۇچا ناھىيىسى بىلەن، شىمالىي خېجىڭ ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. بۈگۈر ناھىيىسىگە 4 بازار، 8 يېزا قارايدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 14184 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 90 مىڭ.


بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس بولۇپ، شىمالىي قىسمى خورو تاغ، جەنۇبىي قىسمى تارىم ئېقىن-كەلكۈن تۈزلەڭلىكى. سۇ بايلىقىدىن تارىم دەرياسى، دىنار دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، ئالتۇن، كرىستال تۇز قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن قوڭۇر ئېيىق، بۆلۈش، سۈلەيسۈن، تارغىل، ئاق قۇ قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن چۈچۈكبۇيا، قاشتېر، تاغ لەيلىسى قاتارلىقلار بار. بۈگۈر ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقلىق ئىچىدىكى قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا تەۋە بولۇپ، ھۆل-يېغىن ئاز، ھاۋاسى قۇرغاق، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.0℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 72.0 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1999.9 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 209 كۈن.

بۈگۈر ناھىيىسى تەكلىماكان قۇملۇق ئاشيولىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدا بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى جەنۇبىي ۋە شىمالىي يول ئىسپە 315-دۆلەت يولى بىلەن 314-دۆلەت يولىنى تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈك ھېسابلىنىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى ۋە قۇملۇق ئاشيولىنىڭ راۋانلىشىشىغا ئەگىشىپ، بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ ئورنى كۈندىن-كۈنگە گەۋدىلىنىمەكتە، سودا ئىشلىرى كۈندىن-كۈنگە ئۇلغايماقتا. بۈگۈر ناھىيىسىدە تارىم دەرياسى، ئېتىمدىكى ئوتراقلىق باغچىسى، جەنۇبىي بۈگۈر ئېغىزلىقى، قۇملۇق ئاشيولى قاتارلىق داڭلىق مەنزىرىلىك جايلار بولۇپ، ئادەم ۋە تەبىئەت ئۆزئارا ماسلاشقان ئۆزگىچە تەبىئىي مەنزىرىنى شەكىللەندۈرگەن. ناھىيە تەۋەسىدە يەنە بۈگۈر قەدىمىي شەھىرى، يۇرگۇت قەدىمىي شەھىرى قاتارلىق خارابىلەر بار.




1 : 500 000

# لوپنۇر ناھىيىسى







**لوپنۇر ناھىيىسى** ئەگىرتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىي چېتىگە، تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىغا جايلاشقان. شەرقىي جەنۇبىي چاقىلىق ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبىي چەرچەن ناھىيىسى بىلەن، غەربىي شايار ناھىيىسى، كۇچا ناھىيىسى بىلەن، شىمالىي كورلا شەھىرى، بۈگۈر ناھىيىسى، باغراش ناھىيىسى، خوشۇت ناھىيىسى، تۇقسۇن ناھىيىسى، تۇرپان شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. لوپنۇر ناھىيىسىگە 2 بازار، 7 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 59399 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 100 مىڭ.

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئۇزۇن بولۇپ، شەرقىي شىمال قىسمى قۇرۇقتاغ تاغ ئالدى ئېگىز تۈزلەڭلىكى، ئوتتۇرا قىسمى تارىم دەرياسى ۋە كۆنچى دەرياسى ئېقىن تۈزلەڭلىكى، جەنۇبىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقى. سۇ بايلىقىدىن كۆنچى دەرياسى، تارىم دەرياسىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ سۇ سىستېمىسى بار. بېلىقچىلىق ۋە زاپاس ئىشلىتىلىدىغان قىرغاق بايلىقلىرىدىن ۋە ئىسرىكۈلۈپ. ھاك تېشى، نېفىت قوشۇمچە قاتارلىقلار بار بولىدۇ. ياۋايى ھايۋاناتلاردىن ياۋا تۆگە، ئېيىق، بۆرە، جەيرەن، تۈلكە، تارىم توشقىنى قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن لوپنۇر كەندىرى، چۈچۈكبۇيا، چاكاندا قاتارلىقلار بار.

لوپنۇر ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق قىتئە كىلىماتىدا بولۇپ، كېچە-كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، ھاۋاسى قۇرغاق، كۈن نۇرىنىڭ يورۇتۇشى يېتەرلىك. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10.7℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 54.0 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2586.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 217 كۈن.

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ قاتناش قولايلىق، دۆلەت يولى 218-لىنىيىسى ناھىيە تەۋەسىدىن ئۆتىدۇ. لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، دىققەتكە سازاۋەر جايلىرى كۆپ بولۇپ، شىڭدى قىيا تاش سىزمىلىرى، دولان قەدىمكى شەھىرى، ئەكسەمكۆۋرۈك، يىڭپەن قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە چوڭ قۇملۇق، توغراقلىق، تارىم دەرياسى، بوستان كۆلى قاتارلىق مەنزىرىلىك جايلار، شۇنداقلا لوپنۇرلۇقلار كەنتى ئاتالمىش، ئېكولوگىيە باغچىسى، كۆنچى ئارىلى، توغراقچى، مىللىي ئۆرپ-ئادەت باغچىسى، بېردى كۆلى، ئالتۇن سۇ ئۈستى باغچىسى قاتارلىق بىرلىك مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ساياھەت نۇقتىلىرى كىشىنى ئىجىبلەندۈرىدۇ. مىللىي ئېكولوگىيە ساياھىتى ۋە مەدەنىيەت ئويۇنلىرى ساياھەتكە يول ئاچتى.

1 : 1 300 000


# چاقىلىق ناھىيىسى



**چاقىلىق ناھىيىسى** مەملىكەت بويىچە يەر كۆلىمى ئەڭ چوڭ، نوپۇسى ئەڭ شالاڭ بولغان ناھىيە بولۇپ، ۋەتىنىمىزدىكى 1-ناھىيە دېگەن نامى بار. ئۇ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمى، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقىي گەنسۇ ئۆلكىسى، چىڭخەي ئۆلكىسى بىلەن، جەنۇبىي شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن، غەربىي چەرچەن ناھىيىسى بىلەن، شىمالىي لوپنۇر ناھىيىسى، پىچان ناھىيىسى، قۇمۇل شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. چاقىلىق ناھىيىسىگە 1 رايونلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى، 3 بازار، 5 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 198318 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 30 مىڭ.

چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس بولۇپ، جەنۇبىي قىسمى ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، شىمالىي قىسمى لوپنۇر كۆلى بالاتا ئۆل تىنما تۈزلەڭلىكى. سۇ بايلىقىدىن چاقىلىق دەرياسى، ۋاشقىرى دەرياسى، مىرەن دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن ئاسبېست، كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، ياۋا تۆگە، تىبەت ئۆچكىسى قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن لوپنۇر كەندىرى، تاغ لەيلىسى، چۈچۈكبۇيا قاتارلىقلار بار. چاقىلىق ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق كىلىمات رايونىغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 29.0 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2882.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە مۇزلىماس مەزگىلى 227 كۈن.

چاقىلىق ناھىيىسى ئۆزگىچە رايون ئەۋزەللىكىگە ئىگە بولۇپ، دۆلەت يولىنىڭ 218-، 315-لىنىيىلىرى بۇ يەردە كېسىشىدۇ. چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ساياھەت بايلىقلىرىدىن دۇنياغا داڭلىق بولغان لوۋلان، مىرەن خارابىلىرى، مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ بولغان ھايۋانات-ئۆسۈملۈك شاھى ــــ ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، مەملىكەت بويىچە بىردىنبىر لوپنۇر كۆلى قوش لوپلۇق ياۋا تۆگە مۇھاپىزەت رايونى ۋە نادىر تۈركۈمدىن ئۆزگەن لوپنۇر كۆلى قاتارلىقلار بار.




1 / 2 400 000

# چەرچەن ناھىيىسى

**چەرچەن ناھىيىسى** مەملىكەت بويىچە يەر كۆلىمى 2-ئورۇندا تۇرىدىغان چوڭ ناھىيە. ئۇ كۇئېنلۇن تېغى ۋە ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان، شەرقىي چاقىلىق ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبىي شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن، غەربىي نىيە ناھىيىسى، شايار ناھىيىسى بىلەن، شىمالىي لوپنۇر ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. چەرچەن ناھىيىسىگە 1 رايونلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى، 1 بازار، 11 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 138645 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 60 مىڭ.


چەرچەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي ئېگىز، شىمالىي پەس بولۇپ، جەنۇبىي قىسمى كۇئېنلۇن تېغى ۋە ئالتۇنتاغ، شىمالىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقى. سۇ بايلىقىدىن چەرچەن دەرياسى، قارامىرەن دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن نېفىت، تەبىئىي گاز، مىس، سىنك قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن تىبەت قوتىزى، تىبەت ئۆكۈزى قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن سۆزۈپ، جۇجۇكىيا قاتارلىقلار بار. چەرچەن ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقلىق ئىقلىمىدىكى ئىنتايىن قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە بولۇپ، كۈن نۇرى ۋە ئىسسىقلىق مىقدارى يېتەرلىك. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10.5℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 24.5 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2532.1 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 201 كۈن.

چەرچەن ناھىيىسى تەۋەسىدىن دۆلەت يولى 315-لىنىيىسى، قۇملۇق تاشيولى ئۆتىدۇ. چەرچەن ناھىيىسىدىكى ساياھەت بايلىقلىرىدىن تارىخى ئۇزۇن بولغان چەرچەن قەدىمىي شەھىرى، ئاكرووان گۈزەللىكى بىلەن جۇڭگو ۋە چەت ئەلگە داڭقى كەتكەن زاغۇنلۇق قەدىمىي قەبرىستانلىقى، شۇنداقلا دۇنيادا مەشھۇر يىپەك يولى، جەنۇبىي يولى قاتارلىقلار بار. بۇلاردىن باشقا يەنە ھەيۋەتلىك كۆز يەتكۈسىز كۇئېنلۇن تېغى، چەكسىز قۇملۇق ئىزلىرى، كىشىنىڭ ئەقلى ھەيران قالىدىغان ئوتتۇرا كۇئېنلۇن تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قاتارلىقلار بار.



1 : 1 750 000

# يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى




يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان، شەرقى باغراش ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى كورلا شەھىرى بىلەن، شىمالى خېجىڭ ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىگە 4 بازار، 4 يېزا قارايدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 2429 كىۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 120 مىڭ.

يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ غەربى ئېگىز، شەرقى پەس بولۇپ، غەربىي قىسمى خورا تاغ، شەرقىي قىسمى قاراشەھەر دەرياسى ئېقىپ ئۆتىدىغان تەكشىلىكتىن تەركىب تاپقان. ... قاراشەھەر دەرياسى غەربىي شىمالىدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ناھىيىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ... تەبىئىي گاز قاتارلىقلار بار. ... گاز زاپىسى مول بولۇپ، دۆلەت تەرىپىدىن «...» دەپ نام بېرىلگەن. ياۋايى ھايۋانلاردىن بېلىق، ئىلى، بۈركۈت، تاغ ئۆچكىسى قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن چۈچۈكبۇيا، ... قاتارلىقلار بار.

يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقلىق ئىقلىمىغا تەۋە ... يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 8.5℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 79.8 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1876.7 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 177 كۈن.


يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنى تۇتاشتۇرىدىغان تۈگۈن، دۆلەت يولىنىڭ 314-، 218- لىنىيىلىرى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى كېسىشكەن بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇھىم سانائەت ماددىي تەمىنات، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى يىغىلغان جاي ۋە سودا مەركىزى ھېسابلىنىدۇ. يەنجى ناھىيىسى ئۆزىنىڭ گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىسى ۋە مول ئاتروپولوگىيىلىك بايلىقلىرى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن شىگىشى ... خورا تاغ مىڭئۆيى، ... قەدىمىي شەھىرى قاتارلىقلار بار. داڭلىق مەنزىرىلىك جايلاردىن قاراشەھەر دەرياسى، ... كۆلى، ... قاتارلىقلار بار.




1 : 300 000

# خېجىڭ ناھىيىسى






**خېجىڭ ناھىيىسى** تەڭرىتاغ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبى ئېتىكىگە، قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان. شەرقىي خوشۇت ناھىيىسى، توقسۇن ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى، بۈگۈر ناھىيىسى، كۇچا ناھىيىسى، باي ناھىيىسى بىلەن، غەربىي تېكەس ناھىيىسى، توققۇزتارا ناھىيىسى، كۈنەس ناھىيىسى، نىلقا ناھىيىسى بىلەن، شىمالى ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى شەھىرى، ئۈرۈمچى ناھىيىسى، ماناس ناھىيىسى، شاۋەن ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. خېجىڭ ناھىيىسىگە 1 بازارلىق ئىش بېجىرىش ئورنى، 4 بازار، 8 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 34976 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 170 مىڭ.

خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالى ئېگىز، شەرقىي جەنۇبى پەس بولۇپ، غەربىي ۋە شىمالى قىسمى تاغلىق-تاغلىق ھالدا جولا. كىچىك يۇلتۇز تاغ ئارىسى ئويمانلىقى، شەرقىي جەنۇبىي قىسمى قاراشەھەر ئويمانلىقى. سۇبايلىقىدىن قاراشەھەر دەرياسى، شارقۇسان، ئۈلاستاي دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايلىقلىرى ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن ھاك تاش، ماگنېزىت، مەرمەر تاش كانى قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن تاغ ئۆچكىسى، تارغاق، ئاق قۇ قاتارلىقلار، يالا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن تاغ لەيلىسى قاتارلىقلار بار.

خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ كىلىماتىدا يەر شەكلى تەسىرىدىن پەرق ئېنىق جولا. ئۇ ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقلىق ئىسسىقلىقى قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا تەۋە بولۇپ، يازدا ئىسسىق، قىشتا سوغۇق، ئەتىيازدا ئىللىق، كۈزدە سالقىن، قۇرغاق، يامغۇرى ئاز بولىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 8.8℃. يىللىق ئوتتۇرىچە مۇز يېغىن مىقدارى 68.1 مىللىمېتىر. يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2102.1 مىللىمېتىر. يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 181 كۈن.


خېجىڭ ناھىيىسى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ قاتنىشىنىڭ مۇھىم ئېغىزىغا جايلاشقان بولۇپ، دۆلەت يولىنىڭ 216-، 218-لىنىيىلىرى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى بۇ يەردە كېسىشىپ جەنۇب-شىمالغا ئوقۇرىسىغا ئىسپ ئۆتىدۇ. خېجىڭ ناھىيىسى ئېگىز تاغ ئوتلىقىدىكى كۆلىنى مەنبەلىق قىلغۇچىلىق مەنزىرىسى ۋە ئاق قۇ كۆلىدىكى گۈزەل مەنزىرىسى بىلەن مۇنبەتلىگىنى، يەنە بايىنبولاق ئاق قۇ كۆلى ئېكولوگىيىلىك مەنزىرە رايونى، بارلىق ساقلانغان تۆگىلىكتىكى دۆلەت دەرىجىلىك تۇرمۇش ئالاقىسى، ئارشاڭ خوتۇنىلا ئارشىڭىسى قاتارلىقلار بار، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مىللىي قەھرىمان ئويلىش ئابىدە مۇنارى، شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ لاما دىنى ئىبادەتخانىسى — بالۆنتاي بۈتخانىسى قاتارلىقلار بار.

# خوشۇت ناھىيىسى

**خوشۇت ناھىيىسى** تەڭرىتاغ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان. شەرقىي ۋە شىمالى توقسۇن ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبىي لوپنۇر ناھىيىسى بىلەن، غەربىي خېجىڭ ناھىيىسى، باغراش ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. خوشۇت ناھىيىسىگە 1 بازار، 6 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 12753 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى60 مىڭ.

خوشۇت ناھىيىسىنىڭ ئۈچ تەرىپى تاغ، بىر تەرىپى سۇ بولۇپ، شىمالىي قىسمى تەڭرىتاغ ئالدى رايونى، شەرقىي ۋە جەنۇبىي قىسمى پەس تاغلىق رايون، ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمى قاراشەھەر ئويمانلىقى. سۇ بايلىقىدىن چىڭشۈيخې دەرياسى، چۈڭقۇ دەرياسى، ئۈشتاغال دەرياسى قاتارلىق سۇ مەنبەلىرى بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن تۇز، تاۋلانغان شور، گرانىت، ھاك تاش قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن تاغ ئۆچكىسى، ئارقار، يىلپىز، ئۆلار، جەرەن، سۈلەيسۇن، قوڭۇر ئېيىق قاتارلىقلار بار. داۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن تاغ لەيلىسى، قاتتىيېر، چاكاندا قاتارلىقلار بار. خوشۇت ناھىيىسى مۆتىدىل بەلباغ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كلىمات رايونىغا تەۋە بولۇپ، ئىسسىقلىق مىقدارى مۇۋاپىق، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى يېتەرلىك. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 8.5℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 89.1 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1926.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 170 كۈن.

خوشۇت ناھىيىسى جەنۇبىي، شىمالىي ۋە شەرقىي شىنجاڭنىڭ كېسىشىش نۇقتىسىغا جايلاشقان بولۇپ، «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 1-ناھىيە» دېگەن نامى بار. خوشۇت ناھىيىسىنىڭ ساياھەت بايلىقى مول بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھاۋايىيە دەپ نام ئالغان ئالتۇن قۇم ساھىلى بار. ئۇنىڭدىكى ئالتۇن رەڭلىك قۇملىرى، كۆكۈش كۆل سۈيى ئوخشاشمىغان داۋالغۇپ، ئىنتايىن گۈزەل مەنزىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە قىزىل كېيىكلەر سىلەسى، كۆكۈش قۇم ساھىلى، قۇم ساداسى ئىچى قاتارلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرى بار. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن چوڭقۇر قەدىمىي شەھىرى، ئىنتا قەدىمىي شەھەر خارابىسى قاتارلىقلار بار.



1 : 600 000

# باغراش ناھىيىسى



**باغراش ناھىيىسى** تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىغا، قاراشەھەر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىغا جايلاشقان بولۇپ، نامى باغراش كۆلى نامىدا ئاتالغان. شەرقى ۋە شىمالى خوشۇت ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى لوپنۇر ناھىيىسى بىلەن، غەربى كورلا شەھىرى، يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. باغراش ناھىيىسىگە 2 بازار، 5 يېزا قارايدۇ. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورنى باغراش بازىرىدا. ناھىيىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 3603 كۋادرات كىلومېتىر، 2003-يىلىنىڭ ئاخىرى ئومۇمىي نوپۇسى 60 مىڭ بولغان.

باغراش ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس بولۇپ، شىمالىي قىسمى قاراشەھەر دەرياسى دېلتىسى ئېقىن تىنما تۈزلەڭلىكى ۋە باغراش كۆلى رايونى، جەنۇبىي قىسمى ئېلىستىق قۇملۇقى ۋە قۇرۇقتاغ تاغلىق رايونى. باغراش كۆلىنىڭ سۇ يۈزى كەڭ بولۇپ، ھەم قاراشەھەر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمى، ھەم كۆنچى دەرياسىنىڭ باشلىنىش مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. بېلىقلار ۋە رايىسى ئېنىقلانغان قومۇشقا بايلىقلاردىن باشقا، ئالتۇن، تۇزى، ئورۇق قاتارلىقلار بار. باغراش ناھىيىسى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقلىق ئىسسىقلىق قۇرغاق ئىقلىمىغا تەۋە بولۇپ، كىلىماتى مۆتىدىل، ھاۋاسى نەم، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 9.2℃، يىللىق ئوتتۇرىچە مۆل-يېغىن مىقدارى 88.5 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1881.2 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 175 كۈن.

باغراش ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى قولايلىق بولۇپ، دۆلەت يولى 314-لىنىيىسى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى بىلەن بولغان ئارىلىقى 10 نەچچە كىلومېتىرلا كېلىدۇ. باغراش ناھىيىسى باغراش كۆلىنى ئاساس قىلغان مەنزىرە ساياھەت رايونى، ئۇ ھەم جاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى سۇ يۇرتلىرىنىڭ مەنزىرىسىگە ھەم غەربىي شىمالدىكى قۇملۇق مەنزىرىسىگە ئىگە بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئوتتۇرىلاشقان ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان ئېكولوگىيىلىك رايون ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭغا دۆلەت دەرىجىلىك داڭلىق مەنزىرە رايونى دېگەن نام بېرىلدى.



# ئاقسۇ ۋىلايىتى



[illegible]


[illegible]

[illegible]


[illegible]




# كورلا شەھەر رايونى



# ئاقسۇ ۋىلايىتى مەمۇرىي رايونلىرى



# ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى




# ئاقسۇ شەھىرى

**ئاقسۇ شەھىرى** تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال چېتىگە جايلاشقان. شەرقى شايار ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبىي ئاۋات ناھىيىسى، لوپ ناھىيىسى ۋە چىرا ناھىيىسى بىلەن، غەربىي ئۇچتۇرپان، كەلپىن ناھىيىسى بىلەن، شىمالى ئونسۇ ناھىيىسى، توقسۇ ناھىيىسى بىلەن، ئوتتۇرا قىسمى ئارال شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئاقسۇ شەھىرى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ، ئۇنىڭ قارىمىقىدا 5 كوچا باشقارمىسى، 2 بازار، 5 يېزا بار، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 14668 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 560 مىڭ.

ئاقسۇ شەھىرىنىڭ شىمالى ئېگىز، جەنۇبىي پەس بولۇپ، شىمالىي قىسمى تارىم دەرياسى ۋە ئاقسۇ دەرياسى ئېقىن تىنىما تۈزلەڭلىكى، جەنۇبىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقى. سۇ بايلىقىدىن ئاقسۇ دەرياسى، دولان دەرياسى، تارىم دەرياسى قاتارلىق سۇ مەنبەلىرى بار. بايقالغان ۋە رايىسى ئىشلىتىلگەن قېزىلما بايلىقلاردىن قوسقۇر، ھاك تاش، دوئومىتلىق سۇزناتى، بارىت، كۆمۈر قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن ئايغان، بۆكەن، جەرەن، تاغ قۇ قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن چۈچۈكبۇيا، قىلتىم، سۆۋاپ قاتارلىقلار بار. ئاقسۇ شەھىرى ئىللىق مۆتىدىل بەلباغ قۇرغاقچىلىق ئىقلىمدىكى قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا كىرىدىغان بولۇپ، تىنىقلىق مىقدارى مول، ھۆل-يېغىن ئاز، نۇر چۈشۈش يېتەرلىك، كېچە-كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10.3℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 74.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1869.5 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 201 كۈن.

ئاقسۇ شەھىرى جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى ۋە دۆلەت يولى 314-لىنىيىسىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىگە جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ قاتناش تۈگۈنى ھېسابلىنىدۇ. ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ساياھەت بايلىقىدىن باشلىقى قەدىمىي شەھىرى، ئىشىدالىم قەدىمىي شەھىرى، كۆكيار ئىھانە ئورمان قورۇقلۇقى قاتارلىقلار بار. تارىم دەرياسىدىكى توغراق ۋە سىلىنى ئۆرەپ-ئادەت ساياھەت نۇقتىلىرى تېخىمۇ جەلپكارلىقتا ئىگە.




# ئونسۇ ناھىيىسى

**ئونسۇ ناھىيىسى** تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىدىكى تۆمۈر چوققىسىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە جايلاشقان، شەرقىي باي ۋە توقسۇ ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبىي ئاقسۇ شەھىرى بىلەن، غەربىي ئۇچتۇرپان ناھىيىسى بىلەن، شىمالىي موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي شىمالىي قىرغىزىستان ۋە قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئونسۇ ناھىيىسىگە 5 بازار، 5 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 14309 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 210 مىڭ.

ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ شىمالىي ئېگىز، جەنۇبىي پەس بولۇپ، شىمالىي قىسمى تەڭرىتاغ تاغلىق رايونى، جەنۇبىي قىسمى توشقان دەرياسى ئېقىن ئىسما تۈزلەڭلىكى. مۇز بايلىقىدىن توشقان دەرياسى، ئىبرەت دەرياسى ۋە مۇزارت دەرياسى قاتارلىق مۇز سۇ سىستېمىلىرى بار. بايلىقلار ۋە زىيىسى ئىشلىتىلگەن قىرىلما بايلىقلىرىدىن ئۈجمە، تاش ئۆر، قوسقور، ئۈجمە، ئۆرۈك قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن بۆلۈم، ئارقار، تاغ ئۆچكىسى قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن قىزىلگۈل، قاشتېمىر، كەندىر، چۈچۈكبۇيا قاتارلىقلار بار. ئونسۇ ناھىيىسى مۆتىدىل بەلباغ قۇرغاقچىلىق ئىسسىقلىق قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە بولۇپ، ئىقلىمى مۆتىدىل، ئىسسىقلىق مىقدارى مول، قۇياش نۇرى يېتەرلىك. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10.4℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 71.5 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1734.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 210 كۈن.

ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ ئاقسۇ شەھىرى بىلەن ئارىلىقى ئىنتايىن يېقىن بولۇپ، تاشيول، تۆمۈر يول، ھاۋا قاتناشلىرى سەۋەبىدىن قولايلىق. ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ ساياھەت بايلىقى مول بولۇپ، داڭلىق مەنزىرىلىك جايلىرىدىن جۇڭلۇقتىكى يېشىل تاش دەپ ئاتىلىدىغان قىرىمتاغ مازىرى، يىل بويى قار-مۇز قاپلاپ تۇرىدىغان تۆمۈر چوققا تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، يېشىل تاغ-چوققىلار بىلەن قاپلانغان تەڭرىتاغ ئورمان باغچىسى، ئىينىدىكى يېشىللىق ئوتلاق تومۇرلۇقى قاتارلىقلار بار.




1 : 650 000

**كۇچا ناھىيىسى** تەڭرىتاغ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان، شەرقىي بۈگۈر ناھىيىسى، ئويتۇر ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبىي شايار ناھىيىسى بىلەن، غەربىي توقسۇ ناھىيىسى، باي ناھىيىسى بىلەن، شىمالىي خېجىڭ ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. كۇچا ناھىيىسىگە 9 بازار، 6 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 14522 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 400 مىڭ.

كۇچا ناھىيىسىنىڭ شىمالىي ئېگىز، جەنۇبىي پەس بولۇپ، شىمالىي قىسمى تەڭرىتاغ تاغلىق رايونى، جەنۇبىي قىسمى ئېقىن تىنما تۈزلەڭلىكى. سۇ بايلىقىدىن كۇچا دەرياسى، ئۆگەن دەرياسى، تارىم دەرياسى قاتارلىق سۇ مەنبەلىرى بار. قېزىلما بايلىقلىرى ئىنتايىن مول بولۇپ، نېفىت، تەبىئىي گاز زاپىسى زور، باشقا بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، تاشتۇز قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن بۇلۇن، تاغ ئۆچكىسى، ئارقار، ئاق ئىيلەك قاتارلىقلار بار. ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن شىنجاڭ ئارچىسى، مېۋىلىك ئاق تىكەن، تەڭرىتاغ چېچىكى قاتارلىقلار بار.

كۇچا ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ ئىنتايىن قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا تەۋە بولۇپ، قىش پەسلى قۇرۇق سوغۇق، ياز پەسلى قاتتىق ئىسسىق. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى ℃11.3، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 73.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2339.2 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 223 كۈن.

كۇچا ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى قولايلىق بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى، دۆلەت يولى 314-، 217-لىنىيىسى تەۋەلىكىنى جەنۇب ۋە شىمالغا كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۈرۈمچى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا قاتنايدىغان ھەرىكەتلىك تۈگۈنچى ئايرودرومى بار. كۇچا ناھىيىسى قەدىمىي يىپەك يولىدىكى داڭلىق شەھەرلىكى بىلەن، نەپىس كۆسەن ئۇسسۇلى ۋە پارلاق ناخشا-ساز مەدەنىيىتى بىلەن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا مەشھۇر. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن قۇمتۇرا مىڭئۆيى، قىزىلغا مىڭئۆيى، كۆسەن قەدىمىي شەھىرى قاتارلىقلار بار. داڭلىق مەنزىرە جايلىرىدىن قىزىلىيار جىلغىسى، چوڭكۆل تورمان باغچىسى قاتارلىقلار بار.




**شايار ناھىيىسى** تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدا، تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدا، ئۆگەن دەرياسى بوستانلىقى تۈزلەڭلىكىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقى لوپنۇر ناھىيىسى، چەرچەن ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبىي چىرا ناھىيىسى، كېرىيە ناھىيىسى، نىيە ناھىيىسى بىلەن، غەربىي ئاقسۇ شەھىرى، ئارال شەھىرى بىلەن، شىمالىي توقسۇ ناھىيىسى، كۇچا ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شايار ناھىيىسىگە 4 بازار، 4 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 31868 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 200 مىڭ.

شايار ناھىيىسىنىڭ شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس بولۇپ، شىمالىي قىسمى بوستانلىق تۈزلەڭلىكى، ئوتتۇرا قىسمى تارىم دەرياسى ۋادىسى تۈزلەڭلىكى، جەنۇبىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقى. سۇ بايلىقىدىن ئۆگەن دەرياسى، تارىم دەرياسى قاتارلىق سۇ مەنبەلىرى بار. ئېقىنت رايونى بىر قەدەر مول بولۇپ، باشقا قېزىلما رايسى ئازراق. ياۋايى ھايۋانلاردىن تاغان يۇغا، ساغىزخان، سۇر تۈلكە، تۆۋىنا قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن چۈچۈكبۇيا، لوپ كەندىرى، ئاقتىكەن، سۆۋاپ، جىغان قاتارلىقلار بار.

شايار ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقلىق ئېيدىكى قىتئەلىك قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا تەۋە بولۇپ، ئىسسىقلىق مىقدارى مول، ھۆل-يېغىن ئاز، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.4℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 64.9 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2072.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە مۇزلىماس مەزگىلى 220 كۈن.

شايار ناھىيىسى دۆلەت يولى 314-لىنىيىسىنىڭ جەنۇبىي يېنىغا جايلاشقان بولۇپ، تۈگەن يولىنىڭ 210-، 211-لىنىيىلىرى ئۇنىڭ بىلەن تۇتىشىدۇ، قاتنىشى قولايلىق. شايار ناھىيىسى كۆپ مەدەنىيەت يۈزلۈكلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن ئۆلتەت قەدىمىي شەھىرى، بوستانتوغراق قەدىمىي شەھىرى، ھەمەتتام قەدىمىي قەبرىستانلىقى قاتارلىقلار بار. تارىم دەرياسى، تەكلىماكان قۇملۇقى قاتارلىق تەبىئىي مەنزىرىلىرى بار.




1 : 800 000

# توقسۇ ناھىيىسى

**توقسۇ ناھىيىسى** تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە، ئۆگەن دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان. شەرقىي كۇچا ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبىي ئاقسۇ شەھىرى، شايار ناھىيىسى بىلەن، غەربىي ئونسۇ ناھىيىسى بىلەن، شىمالىي باي ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. توقسۇ ناھىيىسىگە 2 بازار، 6 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 5821 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 140 مىڭ.

توقسۇ ناھىيىسىنىڭ شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس بولۇپ، تەبىئىي يانتۇلۇقى ئانچە چوڭ ئەمەس، شەرقىي قىسمى ئۆگەن دەرياسى ئېقىن تىنما ئۆزلەڭلىكى، غەربىي جەنۇبىي قىسمى كەلكۈن تىنما ئۆزلەڭلىكى، شىمالىي قىسمى چۆللۈك. ئۆگەن دەرياسى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ بىردىنبىر دەرياسى بولۇپ، بوستانلىقنى ساقلاپ تۇرىدىغان ھاياتلىق مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن نېفىت، تەبىئىي گاز، ئاش تۇز، مىس قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن قارا قۇيرۇق، جەرەن، ياۋا چوشقا قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، يانتاق بويۇرغان قاتارلىقلار بار. توقسۇ ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ ئىنتايىن قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا تەۋە بولۇپ، كېلىماتى قۇرغاق، ھۆل-يېغىن ئاز، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى ئۇزۇن. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10.8℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 77 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1882.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 208 كۈنگە يېتىدۇ.

توقسۇ ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى راۋان بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى، دۆلەت يولى 314-لىنىيىسى ناھىيىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ ھەمدە كۇچا ناھىيىسىگە يېتىشىدۇ. ھاۋا قاتنىشى قولايلىق، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، توغراق ئېقىن قەدىمىي شەھىرى، توغراق ئېقىن مىڭئۆيى، تويا قەدىمىي شەھىرى، ئۈشقات قەدىمىي شەھىرى، تۆرلا قەلئەسى قاتارلىقلار بار. مېۋە يۈزلىرى كەتمىدەنگەن ياغىچىلىق مەيدانى، سۈلىرى جايلىشىپ تۇرغان 1-ماي سۇ ئامبىرى قاتارلىقلارمۇ كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىۋېلىشقا بارىدىغان ساياھەت مەنزىرىلىك جايلىرى ھېسابلىنىدۇ.




# باي ناھىيىسى

**باي ناھىيىسى** تەڭرىتاغ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، چۆلنىڭ شىمالىي چېتىدىكى تاغ ئارىسى ئويمانلىقىغا، ئۆگەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان. شەرقىي كۇچا ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبىي توقسۇ ناھىيىسى بىلەن، غەربىي ئونسۇ ناھىيىسى بىلەن، شىمالىي موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى، تېكەس ناھىيىسى، خېجىڭ ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. باي ناھىيىسىگە 4 بازار، 10 يېزا قارايدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 15889 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 200 مىڭ.

باي ناھىيىسىنىڭ ئۈچ تەرىپى تاغ بىلەن ئورالغان بولۇپ، شىمالىي قىسمى تەڭرىتاغ تاغلىق رايونى، جەنۇبىي قىسمى پەس تاغلىق رايون. سۇ بايلىقىدىن مۇزارت دەرياسى، قاپسالاڭ دەرياسى، قارابۇ دەرياسى، قىزىل دەريا قاتارلىق سۇ مەنبەلىرى بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان مىنېرال بايلىقلاردىن كۆمۈر، تەبىئىي گاز، تۆمۈر، مانگان، ئالتۇن قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن بېلىق، تاغ ئۆچكىسى، ئارقار قاتارلىقلار بار. بۇلار دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن قىزىلتوت، چۈچۈكبۇيا، جاڭگال ئوتى قاتارلىقلار بار. باي ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرۇقلۇق كىلىمات رايونىغا تەۋە بولۇپ، قىش پەسلى قاتتىق سوغۇق، ياز پەسلى سالقىن، قىش-ئەتىياز پەسلى ئۇزۇنراق، ياز-كۈز پەسلى قىسقاراق، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ بولىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 7.9℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 120.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1364.9 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 168 كۈن.

باي ناھىيىسىنىڭ ئورنى دۆلەت يولى 314-لىنىيىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدىغان بولۇپ، ئۆلكە يولىنىڭ 307-لىنىيىسى بۇ يول بىلەن تۇر سىزىق بويىچە تۇتىشىدۇ. باي ناھىيىسىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، مەدەنىيىتى پارلاق بولۇپ، قەدىمىي يادىكارلىقلار كۆپ. جۇڭگو بويىچە ئۈچ چوڭ غارنىڭ بىرى بولغان قىزىل مىڭئۆيى ۋە تېشتر مىڭئۆيى، ئويماش مىڭئۆيى قاتارلىقلار بار. داڭلىق مەنزىرە جايلىرىدىن قىزىل كۆلسى ئارامگاھى، تېرەك ئارىستىلى ۋە تېرەك ئويمان باغچىسى قاتارلىقلار بار.







1 : 650 000

# ئۇچتۇرپان ناھىيىسى


## ئۇچتۇرپان ناھىيىسى

ئۇچتۇرپان ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان، شەرقىي ئونسۇ ناھىيىسى ۋە ئاقسۇ شەھىرى بىلەن، جەنۇبىي كەلپىن ناھىيىسى بىلەن، غەربىي ئاقچى ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالىي قىرغىزىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئۇچتۇرپان ناھىيىسىگە 1 بازار، 8 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 9012 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 180 مىڭ.

ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالى ئېگىز، ئوتتۇرا قىسمى پەس بولۇپ، شىمالىي قىسمى تەڭرىتاغ تاغلىق رايونى، جەنۇبىي قىسمى پەس تاغلىق رايون، ئوتتۇرا قىسمى تاغ ئالدى گوبى بەلبېغى ۋە توشقان دەرياسى ۋادىسى بەلبېغى. سۇ بايلىقىدىن توشقان دەرياسى قاتارلىق سۇ سىستېمىلىرى بار. بايقالغان ۋە زاپىسى كېسىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، ئالتۇن، مەرمەرتاش، مىس، قوغۇشۇن، سىنك، سېلىتراش، سۈرمە، فاۋور تۇزى قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن بۆلۈر، جەرەن، ئارقار، ئاق قۇ، تۈلكە، سۇغۇر قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈك بايلىقىدىن چۈچۈكبۇيا، تاغ لەيلىسى، قىزىلچە، ئاقپۇرچاق، پەرەڭدىكى قاتارلىقلار بار.

ئۇچتۇرپان ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقلىق ئىقلىمىدىكى قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە بولۇپ، تېمپېراتۇرىنىڭ كۈندىلىك پەرقى بىر قەدەر چوڭ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 9.1℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 112.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1858.1 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 179 كۈن.

ئۇچتۇرپان ناھىيىسى تەۋەسىدە ئۆتكەن يولى 306-لىنىيىسى بولۇپ، شەرقتە ئاقسۇغا تۇتىشىدۇ، غەربتە ئاقچىغا بارىدۇ. ئۇچتۇرپان ناھىيىسى داڭلىق ساياھەت مەنزىرىلىك جايى بولۇپ، ئەزەلدىن چىمەنزار تاغ شەھىرى، بىرىم بۇلاق شەھىرىدېگەن چىرايلىق نامى بار. مەنزىرىلىك جايلىرىدىن توققۇز بۇلاق باغچىسى، مۇجەم تاغ، ئوتتۇرىسىدىكى سوۋۇنغا، قىسمىلاق قاتارلىقلار بار. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن سوڭگۇلۇ زاۋىقى، يەكتاملىق قەدىمكى شەھىرى، ئالا پادىشاھلىق قەسرى، سالام ئىلتىكى، بەدەل ئۆتىكى ۋە شىمالىي تاغ قەدىمكى قىيا تاش سىزمىلىرى قاتارلىقلار بار.








1 : 500 000

# ئاۋات ناھىيىسى

**ئاۋات ناھىيىسى** تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقىي شىمالى ئاقسۇ شەھىرى، ئارال شەھىرى بىلەن، جەنۇبىي لوپ ناھىيىسى، قاراقاش ناھىيىسى بىلەن، غەربىي كەلپىن ناھىيىسى، مارالبېشى ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئاۋات ناھىيىسىگە 3 بازار، 5 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 13976 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 210 مىڭ.

ئاۋات ناھىيىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئۆر بولۇپ، شىمالىي قىسمى ئېقىن تىنما يوسۇنلۇق تۈزلەڭلىكى، جەنۇبىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقى. سۇ بايلىقىدىن ئاقسۇ دەرياسى، قەشقەر دەرياسى، يەكەن دەرياسى، خوتەن دەرياسى قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن ئابغان بۆكەن، جەرەن، ئاق قۇ، ئىبار جانغان، ئاق ئېيىق قاتارلىقلار بار. يەنە مول ئۆسۈملۈكلىرىدىن چۈچۈكبويا، يوچمۇگۈل، سۆزۈك، دالگۇي، يەر مەدىنى قاتارلىقلار بار. ئاۋات ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ ئىسسىق قۇرغاق كىلىمات رايونىغا كىرىدۇ. ھاۋاسى كۈچلۈك قۇرغاق، يامغۇرى ئاز، ھاۋاسىنىڭ سۇيۇقلۇق دەرىجىسى تۆۋەن، قىروسىز مەزگىلى ئۇزۇنراق، كېچە-كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، تۆت پەسلى ئېنىق. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10.5℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 59.9 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1887.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 210 كۈن.

ئاۋات ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى قولايلىق بولۇپ، ئاقسۇ شەھىرى بىلەن ئارىلىقى 50 نەچچە كىلومېتىرلا كېلىدۇ. ھەممە تۈلۈك يولى 208-لىنىيىسى بۇ يەردىن ئۆتىدۇ. ئاۋات ناھىيىسى ساياھەت بايلىقى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، بېشىلىشقا يۈزلەنگەن تەبىئىي توغراقلىق باغچىسى، باياشىر كەتكەن قۇملۇق مەنزىرىسى، دولقۇنلار تۆرلەشكەن تۈرمان تارىم دەرياسى، ئېقىپ تۇغۇلغان خوتەن دەرياسى قاتارلىقلار بار. ئالاھىدە مەھەللىۋى مەدەنىيەت «دولان مۇقامى» يۈزلىنىشلىرىدە ئالاھىدە بولۇپ، دولان ئۇسسۇلى ئۇلۇغ جەريانلاردا جانلىقلارنىڭ ئىگە.








1 : 500 000

# كەلپىن ناھىيىسى

**كەلپىن ناھىيىسى** تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال چېتىگە، قىرلاسنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. شەرقىي ئاقسۇ شەھىرى، ئاۋات ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبىي مارالبېشى ناھىيىسى بىلەن، غەربىي ئاتۇش شەھىرى، ئاقچى ناھىيىسى بىلەن، شىمالى ئۇچتۇرپان ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. كەلپىن ناھىيىسىگە 1 بازار، 4 يېزا قارايدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 8918 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 40 مىڭ.

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قىيپاش بولۇپ، ئوتتۇرا قىسمى كەلپىن ئويمانلىقى، شەرقىي جەنۇبىي قىسمى قەشقەر دەرياسى ئېقىن ئىسما ئۈزلەڭلىكى. سۇ بايلىقىدىن كەلپىن دەرياسى، قىرلاقۇم دەرياسى قاتارلىق سۇ مەنبەلىرى بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئىسپاتلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، سۈلفۇرلۇق تۆمۈر، ماگنىت، قوغۇش تۆمۈر، نېفىت، مىس، قوغۇشۇن، قوشقار، سىنك، ئۇران، تۆمۈر، گەج قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن ئارقار، جەرەن، تۈلكە قاتارلىقلار بار، ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن ماھۇڭجى، چاكاندا، بۆلۈشى ئارچا، قەلەمپۇر قاتارلىقلار بار. كەلپىن ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقچىلىق ئىقلىمى رايونىغا تەۋە بولۇپ، قۇرغاق، يامغۇرى ئاز، كېچە بىلەن كۈندۈزدىكى تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى ئۇزۇن. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 96.7 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2633.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 223 كۈن.

كەلپىن ناھىيىسىدە قاتناش قولايلىق بولۇپ، دۆلەت يولى 314-لىنىيىسى بىلەن بولغان ئارىلىقى 25 كىلومېتىر كېلىدۇ ھەم ئۆلكە يولى 308-لىنىيىسى بۇ يول بىلەن تۇتىشىدۇ. كەلپىن ناھىيىسى قەدىمكى غەربىي يۇرتتىكى ئۆتەڭ جاي. ئۇيەردە ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ناھايىتى كۆپ. بۇلارنىڭ ئىچىدە قىسىلغان ئېغىز ئۆتەڭلىسى، جۇۋانىڭ ئېغىز قەلئەسى، بايدى ئۇۋىسى، جىلان ئۇۋىسى، كەلپىن تىپى تاش قوراللىرى خارابىسى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، قورام، ئۇنىڭغا قاتارلىق داڭلىق مەنزىرە جايلىرى بار.




# قىزىلسۇ
# قىزغىز ئاپتونوم ئوبلاستى







## ئاقسۇ شەھەر رايونى



# قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى مەمۇرىي رايونلىرى



# قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى








1 : 1 600 000

# ئاتۇش شەھىرى




171
170

**ئاتۇش شەھىرى** تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان. شەرقىي تەرىپى مارالبېشى ناھىيىسى، كەلپىن ناھىيىسى بىلەن، جەنۇب تەرىپى قەشقەر شەھىرى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى، يېڭىشەھەر ناھىيىسى بىلەن، غەرب تەرىپى ئۇلۇغچات ناھىيىسى بىلەن، شەرقىي شىمال تەرىپى ئاقچى ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي شىمال تەرىپى قىرغىزىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئاتۇش شەھىرى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزى. تۆۋەندە 2 كوچا باشقارمىسى، 7 يېزا قارايدۇ. شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى شەھەر رايونىدا. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 15509 كۋادرات كىلومېتىر. 2003-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 204 مىڭ 900 بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇيغۇر، قىرغىز، خەنزۇ مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان.

شەھەر تەۋەسىدە يەر شەكلى ئېگىز-پەس، شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس بولۇپ، شىمالىي قىسمى تەڭرىتاغ تاغلىق رايونى، ئوتتۇرا قىسمى پاكار تاغ ۋە ئېدىرلىق رايونى، جەنۇبىي قىسمى تاغ ئېتىكى تىنما تۈزلەڭلىكى. بۇ يەردە بايلىق مەنبەسى مول بولۇپ، قېزىلما بايلىقلاردىن قوغۇشۇن، سىنىك، ئالتۇن، مىس، كۆمۈر، نېفىت، ۋاناديي، ئاق تۆمۈر، ھاك تېشى، مەرمەر قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن بۆلۈر، قوڭغۇر ئېيىق، جەرەن، تۈلكە، ياۋا توشقان قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن قاشتېشى، قويچاقماق، مەرسىيەچۆپ، ئەنجۈر، ئادراسپان قاتارلىقلار بار. ئاتۇش شەھىرى ئوتتۇرا بەلۋاغ قۇرغاقلىق ئىقلىمىغا قاراشلىق بولۇپ، كۈن نۇرى يېتەرلىك، قۇرغاق، ھۆل-يېغىن ئاز. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 13.0℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 83.2 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2970.5 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 252 كۈن.

ئاتۇش شەھىرى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ياللىق رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، قەشقەر ئايرودرومىغا 35 كىلومېتىرلا كېلىدۇ. دۆلەت يولى 314-لىنىيىسى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى بۇ يەردىن ئۆتىدىغان بولۇپ، پامىر ئېگىزلىكىدىكى تۇرۇگارت ئېغىزى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىگە ئۆتىدىغان مۇھىم قاتناش تۈگۈنى ۋە ئىچكى-تاشقى سودىنىڭ تۈگۈنى. بۇ شەھەر قەدىمىي يىپەك يولىدا مۇھىم تۈگۈن بولغان. مۇڭغۇل ۋە غەرب ئەللىرى مەدەنىيىتىنىڭ بىرلەشكەن يېرى بولۇپ، تارىخى ئۇزۇن، قەدىمىي ياdىكارلىقلىرى بىر قەدەر كۆپ. بۇ يەردە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى، قاراخانىيلار خاندانلىقى ئوردىسى خارابىسى، مەشھۇر ئاتۇش ئەنجۈر باغلىرى قاتارلىقلار بار.

# ئاقتو ناھىيىسى




**ئاقتو ناھىيىسى** پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي ئېتىكى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي ياقىسىغا جايلاشقان، شەرقتە يېڭىسار ناھىيىسى، يەكەن ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالدا ئۇلۇغچات ناھىيىسى، قەشقەر كونىشەھەر، يېڭىشەھەر ناھىيىلىرى بىلەن قوشنا، جەنۇبتا تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربتە تاجىكىستان، قىرغىزىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئاقتو ناھىيىسى قارمىقىدا 2 بازار، 11 يېزا بار. پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەر كۆلىمى 24107 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 170 مىڭ.


ئاقتو ناھىيىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا قاراپ قىيپاش بولۇپ، شەرقىي شىمال قىسمى ئېقىن تىنما تۈزلەڭلىكى، غەربىي جەنۇب قىسمى تاغلىق رايون. سۇ بايلىقىدىن مۇجى دەرياسى، ئېگىزيار دەرياسى، كەڭشىۋەر دەرياسى، قاراتاش دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە رايىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن تۆمۈر، قوغۇشۇن، ئالتۇن، خرۇستال قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن قوڭۇر ئېيىق، يىلپىز قاتارلىقلار بار، ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن چاكاندا، ئىلغات قاتارلىقلار بار. ئاقتو ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقلىق قىرغاق ئىقلىمىغا تەۋە بولۇپ، كۈن چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، كېچە-كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.2℃. يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 67 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2427.5 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 221 كۈن.

ئاقتو ناھىيىسى قەدىمدىن تارتىپ ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىياغا قاتنايدىغان مۇھىم قاتناش يولى بولۇپ، دۆلەت يولى 314-لىنىيىسى پۈتۈن ناھىيىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ئاقتو ناھىيىسىنىڭ ساياھەت بايلىقىدىن «مۇزتاغ ئاتىسى» دەپ ئاتىلىدىغان مۇزتاغ ئاتا چوققىسى، قوڭۇر چوققىسى، قوڭغۇرتاغ ئوتقۇر بەل چوققىسى، مەنزىرىسى گۈزەل بولغان ئېگىزلىكتىكى كۆلى قاراكۆل، بۇلۇڭ كۆلى، مەنزىرىسى كۆركەم ئويناق ئورمان باغچىسى، يەنە قەدىمىي چېپىلگەن يولىدىكى گەز ئۆتەڭى بار.





# ئاقچى ناھىيىسى



**ئاقچى ناھىيىسى** ئەگرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكى، توشقان دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان، شەرقىي شىمالدا ئۈچتۇرپان ناھىيىسى بىلەن، شەرقىي جەنۇبتا كەلپىن ناھىيىسى بىلەن، غەربىي جەنۇبتا ئاتۇش شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي شىمالدا قىرغىزىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئاقچى ناھىيىسىنىڭ قارىمىقىدا 1 بازار، 5 يېزا بار، پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەر مەيدانى 11441 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 30 مىڭ.

ئاقچى ناھىيىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى جەنۇب ۋە شىمالى ئېگىز، ئوتتۇرا قىسمى پەس بولۇپ، شىمالىي قىسمى ئەگرىتاغنىڭ جەنۇبىي تىزمىسى، جەنۇبىي قىسمى قىرتاغ، ئوتتۇرا قىسمى توشقان دەرياسى جىلغىسىدىن ئىبارەت. سۇ بايلىقىدىن توشقان دەرياسى قاتارلىق سۇ سىستېمىسى بار. بايقالغان ھەم زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن مىس، گەج، مەرمەر تاش، ئىسلانتىيە شېلى، ئۈگۈر، ماگان، قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى، جۇڭگو جەيگەك چاق ئۆردىكى، ئالتۇن بۈركۈت، يالغان تار قارا، بوغان باش بىلىق، قوڭۇر ئېيىق، ئارقار، مەرمۇش، ئولار قاتارلىقلار بار، ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن جىغان، چوچۇلمۇيا، ياۋا بەدىيان، قىزىل بويۇمغانلىق ئەمەن قاتارلىقلار بار. ئاقچى ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق ئىقلىمىغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 6.5℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 209.9 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2030.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروۋسىز مەزگىلى 153 كۈن.

ئاقچى ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى بىرقەدەر قولايلىق بولۇپ، ناھىيە تەۋەسىدىن ئۆتكەن يولى 306-لىنىيىسى كېسىپ ئۆتىدۇ، شەرق تەرىپى ئاقسۇ شەھىرى، غەرب تەرىپى مۇئەييەن يولى 314-لىنىيىسى ھەمدە ئاتۇش شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئاقچى ناھىيىسى دۇنيادىكى ئەڭ بۈركۈتنىڭ يۇرتى، جۇڭگودىكى ئۈچ چوڭ تارىخىي داستان «ماناس»نىڭ بارلىققا كەلگەن جايلاردىن بىرى، ساياھەت بايلىقى ئۆزگىچە بولۇپ، ئىسراي قورۇقى، ماقىرىس قورۇقى، يەنە بولاقلار ئۇرنى، مۇزلۇق قىيا تاش سىزمىلىرى ھەمدە توشقان دەرياسى جىلغىسى مەنزىرىسى ۋە ئەنئەنىۋى سىلىقى ئۆرپ-ئادەت قاتارلىقلار بار.


1 : 600 000

# ئۇلۇغچات ناھىيىسى

**ئۇلۇغچات ناھىيىسى** تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي ئۇچىدىكى، تەڭرىتېغى بىلەن كۇئېنلۇن تېغى تۇتاشقان جايغا جايلاشقان، شەرقى ئاتۇش شەھىرى، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى ئاقتو ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەرب، شىمال تەرەپلىرى قىرغىزىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئۇنىڭدا 2 بازار، 9 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 18758 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 40 مىڭ.

بۇ ناھىيىنىڭ ئۈچ تەرىپى ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ. قىزىلسۇ دەرياسىنىڭ شىمالدا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكى، جەنۇبىدا پامىر ئېگىزلىكى ۋە كۇئېنلۇن تاغلىرى، شەرقىي جەنۇبىدا قەشقەر دېلتىسى تۈزلەڭلىكى بار. بۇ ناھىيىدىن قىزىلسۇ دەرياسى ۋە چاقماق دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان مىنېرال بايلىقلاردىن كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، ئالتۇن، نېفىت، تەبىئىي گاز، قوغۇشۇن، سىناك، سىمۇبسىلات، ئاتسىز قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن تاغ ئۆچكىسى، مەرىل، بىلىس، قوڭۇر ئېيىق، تۈلكە قاتارلىقلار بار. ياۋا ئوت ئۆسۈملۈكلىرىدىن تاغ لەمىنسى، ئەگىلكوت، يۇمىلاقيا، مىلە، ياڭاق، قاشتېشى قاتارلىقلار بار. ئۇلۇغچات ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە. كۈن نۇرلۇق ۋاقىت ئۇزۇن. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 7.3℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 172.8 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2674.0 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 164 كۈن.

ئۇلۇغچات ناھىيىسى ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەڭ غەربىدىكى چېگرا ناھىيە، دۆلەت يولى 212-، 309-، لىنىيىلىرى ۋە دۆلەت يولى 314-لىنىيىسى ناھىيە تەۋەسىدە ئۆتىدۇ. بۇ ناھىيىدىكى دۆلەت 1-دەرىجىلىك ئېرقى ئېغىزى، ئەركەشتام پورتى قىرغىزىستان بىلەن تۇتىشىدۇ. ساياھەت مەنزىرە رايونلىرىدىن ئۆچتاش ئوتلىقى، سىمخانا تاغلىق رايون مەنزىرىسى قاتارلىقلار بار.







1 : 750 000




# قەشقەر ۋىلايىتى


## ئاتۇش شەھەر رايونى



# قەشقەر ۋىلايىتى مەمۇرىي رايونلىرى




# قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى



# قەشقەر شەھرى








**قەشقەر شەھرى** شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى شەھەر بولۇپ، قەشقەر دەرياسى ۋادىسىدا ئورۇنلاشقان. ئۈچ تەرىپى قىسمەن جايلاشقان. شەرق، غەرب تەرىپى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى بىلەن، جەنۇب تەرىپى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى بىلەن، شىمال تەرىپى ئاتۇش شەھرى بىلەن تۇتىشىدۇ. قەشقەر شەھرى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزى. ئۇنىڭغا 4 كوچا باشقارمىسى، 4 يېزا قارايدۇ. شەھەرنىڭ خەلق ئىگىلىكى شەھەر رايونىدا تەرەققىي قىلغان. ئومۇمىي يەر مەيدانى 555 كۋادرات كىلومېتىر، 2003-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 427 مىڭ بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇلاردىن تەركىب تاپقان.

قەشقەر شەھرىدىكى يەر تۈزۈلۈشى تەكشى بولۇپ، قەشقەر دەرياسى ئىسىملىك ئېقىنلىرىغا جايلاشقان. بۇ يەردىن قىزىل دەرياسى، تۈمەن دەرياسى قاتارلىقلار بار. بۇلار [illegible]. [illegible] قاتارلىقلار بار. قەشقەر شەھرى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق كىلىماتقا تەۋە، يازدا ئىسسىق، قىشتا قەھرىتان بولمايدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.8℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 64.0 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2299.8 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 205 كۈن.

قەشقەر شەھرى ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيا، ياۋروپا، [illegible] بىرى ۋە [illegible]. شەرق، غەرب مەدەنىيىتىدە [illegible]. دۆلەت يولى 314-، 315-لىنىيىلىرى بۇ يەردە كېسىشىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى شەھەرگە تۇتىشىدۇ. [illegible] قەشقەر ئايرودرومى [illegible]. قەشقەر شەھرى تارىخىي مەدەنىيەت شەھرى بولۇپلا قالماستىن، مەشھۇر ساياھەت شەھرى بولۇپ، شەرق، غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىنىدۇ. بۇ يەردە مەشھۇر بولغان ھېيتگاھ جامەسى، ئاپپاق خوجا مازىرى (ئىپارخان مەقبەرىسى)، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بار.


# قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى غەربكە ئېچىۋېتىشنىڭ ئالدىنقى سېپى. شەرقىي پەيزىۋات ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبىي يېڭىشەھەر ناھىيىسى، ئاقتو ناھىيىسى بىلەن، غەربىي ئۇلۇغچات ناھىيىسى بىلەن، شىمالىي ئاتۇش شەھىرى بىلەن، ئوتتۇرا قىسمى قەشقەر شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇنىڭغا 1 بازار، 16 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 3513 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 360 مىڭ.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ جەنۇب، شىمال، غەرب تەرەپلىرى تاغ بىلەن ئورالغان، بىر تەكشى تەرىپى شەرققە ياتىدۇ. سۇ بايلىقىدىن قىزىلسۇ دەرياسى، گەز دەرياسى، قەشقەر دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن ئالتۇن، تاشكۆمۈر، نېفىت، گەج، ھاك تېشى، كۆمۈر قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن تۈلكە، جەرەن، بۆرە، سۇغۇر قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن سۇۋاپ، چۈچە، قىزىلچە قاتارلىقلار بار. كوناشەھەر ناھىيىسى ئوتتۇرا بەلۋاغ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىمات رايونىغا كىرىدۇ. تۆت پەسلى ئېنىق. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 12℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 72.2 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2537.8 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 212 كۈن.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدا ئېچىۋېتىشنىڭ ئۆتكەل رايونىغا جايلاشقان. قەشقەر — تاشقورغان، دۆلەت يولى 314-لىنىيىسى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى ناھىيە تەۋەسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. قەشقەر مەملىكەتلىك ئايرودرومغا يېقىن. بۇ ناھىيە قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقان بولۇپ، ساياھەت بايلىقى مول. ئاسارەتىقىلىرى كۆپ. مىللىي ... «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يازغان ئالىم، بۇ يەردە مەھمۇد قەشقەرى مازىرى، مور بۇددا مۇنارى، خانشەھەر قەدىمىي قەلئەسى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بار. ئۇلاردىن باشقا يەنە بەستېرىم جاڭگال سېپى، يانتاقتا شالتاق مەيدانى قاتارلىقلار بار.





# قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى



قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جېنىگە، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە، قەشقەر تىنما ئوزلەڭلىكىگە جايلاشقان، شەرقىي پەيزاۋات، يوپۇرغا ناھىيىلىرى بىلەن، جەنۇبىي يېڭىسار ناھىيىسى بىلەن، غەربىي ئاقتو ناھىيىسى بىلەن، شىمالى كونىشەھەر ناھىيىسى، قەشقەر شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. ناھىيىدە 3 بازار، 12 يېزا بار. ئومۇمىي يەر مەيدانى 2232 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 290 مىڭ.

قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى تەكشى، ئوتتۇرا ۋە شىمالى قىسمىنى تىنما ئوزلەڭلىك، شەرقىي جەنۇبىي تەكشىلىكلەر قاپلىغان. سۇ بايلىقىدىن قەشقەر دەرياسى، پەيزاۋات دەرياسى، يوپۇرغا دەرياسى قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن لاچىن، تۈزلۈك لاچىن، سۇلامىتەك، ئالا لەيلەك قاتارلىقلار بار. يالغا موزا ئۆسۈملۈكلەردىن يۇمغاقسۈگەت، ئاقتال، يانتاق، ئەكىلىكتوت قاتارلىقلار بار. يېڭىشەھەر ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقلىق ئىسسىقلىق قۇرغاق ئىقلىمىغا تەۋە، تۆت پەسلى ئېنىق. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 63.5 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2604.9 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 215 كۈن.

بۇ ناھىيە قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە بولۇپ، جايلىق كارىدورى دېگەن نامى بار. دۆلەت يولى 315-لىنىيىسى، ئۆلكە يولى 214-، 310-، 311-لىنىيىلىرى بىلەن ھەممە يەرگە تۇتاشقان بولۇپ، قەشقەردىن جەنۇبقا، شىرالى ئالىي رايونىغا بارىدىغان تۈگۈن. يېڭىشەھەر ناھىيىسى پەقەدىسى بېجالا بولۇپ دېگەن مۇھىم بازار بولۇپ، ساياھەت بايلىقى مول. داڭلىق مەدرىسە جايلىرى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆپ. بۇلاردىن بايخان قەدىمىي شەھەر خارابىسى، سۇلى قەدىمىي شەھەر خارابىسى، ياقۇپ بەگ قەلئەسى خارابىسى قاتارلىق يادىكارلىقلار بار. بۇ يەرنىڭ قويۇق مىللىي پۇراقى ئىنگە ئىگە بولۇپ، ئادەملەرنى جۇلالىق ۋە جەنەت ئەللىنىڭ ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىدۇ.





1 : 500 000

# يېڭىسار ناھىيىسى

**يېڭىسار ناھىيىسى** كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇب چېتىگە جايلاشقان، شەرقى يەكەن ناھىيىسى بىلەن، غەرب، جەنۇب غەربىي ئاقتو ناھىيىسى بىلەن، شىمالى يېڭىشەھەر ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. يېڭىسار ناھىيىسىگە 1 بازار، 13 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 3374 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 230 مىڭ.

يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبى ئېگىز، شەرقىي شىمالى پەس بولۇپ، غەربىي جەنۇبى قىسمى قوڭۇر تاغلىق رايون، شەرقىي شىمالى قىسمى قۇم بارخانلىرى ۋە قۇرۇق ساي، غەربىي شىمالى بەلبوغ تۈزلەڭلىك. سۇ بايلىقىدىن كۈسەن دەرياسى، ئېگىزيار دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن نېفت، كۆمۈر، مەرمەر، جېرسىتال، گۆڭگۈرت، يۇدا تۇز، ھاك تاش، گەچ، كرىستال، ئاسبېست قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن قوشقار تۈلكىسى، تارىم توشقىنى، جەرەن، قىرغاۋۇل، ياۋا ئۆردەك، ئاق كەكلىك، سۇ بېلىقى قاتارلىقلار بار. ياۋا ئوت-چۆپلەردىن ياۋايى دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن چاكاندا، چۈيۈچۈپ، ئاپىيۇن قاتارلىقلار بار. يېڭىسار ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقچىلىق ئىقلىمغا كىرىدۇ. تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، كۈن نۇرى كۆپ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.9℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 70.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2135.9 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروۋسىز مەزگىلى 215 كۈن.

يېڭىسار ناھىيىسى تاشيول ترانسپورتى ئاساس قىلىنغان بولۇپ، قاتناش قولايلىق، يوللىرى ھەممە ياققا تۇتاشقان، دۆلەت يولى 315 - لىنىيىسى ناھىيە تەۋەسىنى توغرا كېسىپ ئۆتۈپ، غەربتە قەشقەرگە، شەرقتە يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلارغا تۇتىشىدۇ. يېڭىسار ناھىيىسى دۇنياغا مەشھۇر بەدىزلىك پىچاق سەنئىتى ئەۋج ئالغان جاي، مەھسۇلاتلىرى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ناھايىتى داڭلىق. شۇنداقلا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن ئاقتو قەدىمىي شەھىرى قاتارلىقلار بار.






**پوسكام ناھىيىسى** كۇئىنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي گىرۋىكىگە، يەكەن دەرياسى ئېقىن تىنىدا تۈزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكى قىسمىغا جايلاشقان. شەرقىي ۋە جەنۇبىي قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن، غەربىي ۋە شىمالىي يەكەن ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. پوسكام ناھىيىسىگە 1 رايونلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى، 2 بازار، 10 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 985 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 180 مىڭ.

پوسكام ناھىيىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا يانتۇ بولۇپ، غەربىي جەنۇبىي يەكەن دەرياسى ئېقىندىن تەكشىلەنگەن يېيىلما تۈزلەڭلىك، شەرقىي شىمالىي يەكەن دەرياسى ئېقىندىن تەكشىلەنگەن تۈزلەڭلىك. سۇ بايلىقىدىن تىزناپ دەرياسى، يەكەن دەرياسى قاتارلىقلار بار. قىرلما بايلىقى بىر قەدەر مول بولۇپ، بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغانلاردىن نېفىت، كۆمۈر قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن قۇشقاچ، تۈلكە، ئىپار، چاشقان قاتارلىقلار بار. يانا خورا ئۆسۈملۈكلەردىن سۆرەپ، يۇتقان يەنتەكى، چوچۇككۆپە، زاغرا، سېرىق بۇگەي، لويلۇر كەندىرى، چاكاندا، يۇلغۇن، يانا بالىيۇر قاتارلىقلار بار. پوسكام ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلباغ ئىسسىق قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.4℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 54.8 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2079.0 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 212 كۈن.

پوسكام ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي ئارالىقى تۈزۈل، ئاساسىي ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل بولۇپ، يوللىرى تۆت تەرەپكە تۇتاشقان، دۆلەت يولى 315-لىنىيىسى ناھىيە تەۋەسىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. پوسكام ناھىيىسى يەكەن دەرياسى قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، ساياھەت بايلىقى مول، داڭلىق مەنزىرە جايلىرىدىن ئالتۇن تۇغراق دۆلەت ئورمان باغچىسى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن مۆۋلىلاك خارابىسى قاتارلىقلار بار.




# يەكەن ناھىيىسى

يەكەن ناھىيىسى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان، شەرقىي مەكىت ناھىيىسى بىلەن، شەرقىي جەنۇبىي پوسكام ناھىيىسى، قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن، غەربىي جەنۇبىي تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن، غەربىي يېڭىسار ناھىيىسى، ئاقتو ناھىيىسى بىلەن، شىمالىي يوپۇرغا ناھىيىسى، مارالبېشى ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇنىڭغا 7 رايون، 7 بازار، 22 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 8959 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 650 مىڭ.

يەر تۈزۈلۈشى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا يانتۇ بولۇپ، غەربىي جەنۇبىي قىسمى كۆپلىگەن تاغلىق رايون، شەرقىي شىمالىي قىسمى يەكەن دەرياسى ئېقىما تۈزلەڭلىكى، غەربىي شىمالىي قىسمى قۇملۇق. بۇ ناھىيىدىن يەكەن دەرياسى قاتارلىق ئېقىنلار بار. بايقالغان ۋە زاپاسى ئېنىقلانغان مىنېرال بايلىقلاردىن ئالتۇن، كۈمۈش، قوغۇشۇن، سىنك، نىكېل، ھېرۇم، ھاك تېشى، كرىستال، كۆمۈر قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن بۆرە، تۈلكە، قوڭۇر بېلىق، ئاق لەيلەك، قارا لەيلەك قاتارلىقلار بار. ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن يۇلغۇن، چاكاندا، سۆگەت، قومۇش قاتارلىقلار بار. يەكەن ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقچىلىق قىتئەلىك كىلىماتقا تەۋە، تۆت پەسىل ئېنىق. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 53.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2256.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىرو-سىز مەزگىلى 209 كۈن.

يەكەن ناھىيىسىدىن قەشقەر-خوتەن تاشيولى ئۆتۈپ، دۆلەت يولى 315-لىنىيىسى ناھىيە تەۋەسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ساياھەت بايلىقى مول، تەبىئىي مەنزىرىسى ۋە مىللىي ئۆرپ-ئادەت ئالاھىدىلىكى گۈزەل. قارانۇر قۇملۇقى مەنزىرىسى، ئامانىسا خانىم قەبرىسى، «ئون ئىككى مۇقام» سەنئىتى قاتارلىق ساياھەت مەنزىرىلىرى بار.




1 : 550 000

# قاغىلىق ناھىيىسى

قاغىلىق ناھىيىسى قارىقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان، شەرقىي گۇما ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبىي كەشمىر رايونى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، غەربىي تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن، شىمالىي يەكەن، پوسكام، مەكىت ناھىيىلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. قاغىلىق ناھىيىسىگە 3 بازار، 1 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 28600 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 370 مىڭ.

قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالىي پەس بولۇپ، جەنۇبىي قىسمى كوئېنلۇن تاغلىق رايونى، شىمالىي قىسمى تىزناپ دەرياسى ئىنشا ئۆزلەملىكى، شەرقىي شىمالى تەكلىماكان قۇملۇقى. سۇ بايلىقلىرىدىن يەرچىن دەرياسى، تىزناپ دەرياسى، چىيان دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن نېفىت، تەبىئىي گاز، ئالتۇن، مىس، تۆمۈر، قاشتېشى، ئاسبېست قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن كۆككۆل، قوڭۇر ئېيىق، ئۇلار، ئاق قۇ قاتارلىقلار بار، ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن جىگدە، يۇلغۇن قاتارلىقلار بار. قاغىلىق ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 57.1 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2328.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 230 كۈن.

قاغىلىق ناھىيىسىدە تاشيول قاتناش ھەممە يەرگە تۇتاشقان بولۇپ، دۆلەت يولى 315-لىنىيىسى بىلەن 219-لىنىيىسى ناھىيە بويىچە كېسىپ، غەربتە قەشقەرگە، شەرقتە خوتەنگە، جەنۇبتا شىزاڭغا تۇتىشىدۇ. قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ تاغ يوللىرى بىر-بىرىگە تۇتاشقان، دەريا-كۆللىرى كۆركەم، تارىخىي يادىكارلىقلىرى كۆپ، ساياھەت بايلىقى مول. ھەم ئۆزلۈكچە، چىيان مىڭئۆيى، شەھىدىنا قەدىمىي شەھەر خارابىسى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن باشقا يەنە ئاقتاش مۇز ئېقىنى، ۋە ... مەنزىرە رايونى قاتارلىق تەبىئىي مەنزىرىلىرى بار.







مېتىر


1 : 1 000 000

# مەكىت ناھىيىسى

مەكىت ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا، زەرەپشان دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان، شەرقى گۇما ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن، غەربىي يەكەن ناھىيىسى بىلەن، شىمالى مارالبېشى ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇنىڭغا 1 بازار، 9 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 10927 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 200 مىڭ.

مەكىت ناھىيىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى تەكشى، ئوتتۇرا ۋە شەرقىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقى، غەربىي قىسمى بوستانلىق ۋە تىنىما تۈزلەڭلىكتە. بۇ يەرلەردە زەرەپشان دەرياسى، تىزناپ دەرياسى قاتارلىقلار بار. يابغالىق ۋە زېمىن ئاستى بايلىقلاردىن نېفىت، تۇز، گەج، ھېقىق قاتارلىقلار بار. يابايى ھايۋانلاردىن قوڭۇر لاچىن، تارىم ئاپلىق تۈلكىسى، جەرەن، قىرغاۋۇل، تارىم توشقىنى، ئۆردەك قاتارلىقلار بار. ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبۇيا، سۇۋاپ، جىگدە، تالغات، زاراڭزا قاتارلىقلار بار. مەكىت ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق كىلىماتىغا تەۋە. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 47.5 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2081.1 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 215 كۈن.

مەكىت ناھىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋادىسى دېلتايىسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان، قاتنىشى قولايلىق، يوللىرى ھەممە يەرگە تۇتاشقان. ئۆلكە يولى 215 ـ لىنىيىسى ناھىيە تەۋەسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، شىمالدا دۆلەت يولى 314 ـ لىنىيىسى بىلەن، جەنۇبتا دۆلەت يولى 315 ـ لىنىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. مەكىت ناھىيىسى دولان ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ تونۇلغان يۇرتى بولۇپ، خەلق سەنئىتىنىڭ تارىخى ئۇزاق ۋە تۈرگە بايلىقى بىلەن ئىلگىرى، پۈتۈن مەملىكەتكە مەشھۇر بولغان «دولان ئۇسسۇلى ماكانى»، «دېھقان رەسساملىرى ماكانى»، «مىللىي سەنئەت ۋە خەلق سەنئىتى ماكانى».





1 : 550 000

# يوپۇرغا ناھىيىسى

**يوپۇرغا ناھىيىسى** تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقىي مارالبېشى ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبىي يەكەن ناھىيىسى بىلەن، غەربىي يېڭىشەھەر ناھىيىسى بىلەن، شىمالى پەيزاۋات ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. يوپۇرغا ناھىيىسىگە 2 بازار، 7 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 3126 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 130 مىڭ.

يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ يەر شەكلى تەكشى بولۇپ، شەرقىي شىمال ۋە غەربىي جەنۇبىي قىسمى، غەربىي شىمال ۋە شەرقىي جەنۇبىي نىسبەتەن تۆۋەنلىگەن. بۇ يەرلەردىن يوپۇرغا دەرياسى، تىزنەپ دەرياسى، داۋا كۆل قاتارلىقلار بار. باشلىق ماھسۇلاتلاردىن بۇغداي، تارىم تۈزلەڭلىكى، قۇملۇق ئۆلكىسى قاتارلىقلار بار. بۇ يەر ئوتلاقلىرىدىن بويۇتلىقى، ئالقات، سۆگەت، جاڭگال قاتارلىقلار بار. يوپۇرغا ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلباغ قۇرغاقلىق تىپىدىكى ئىقلىمى قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە بولۇپ، كۈن نۇرلىنىش ۋاقتى ئۇزۇن، كېچە-كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.8℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 66.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2276.9 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 232 كۈن.


يوپۇرغا ناھىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ چاتقىل دېھقانچىلىق رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، ناھىيىدىن ئۆتىدىغان ئاشيوللىرى ۋە تۆمۈر يولى 213، 310 ئاشيوللىرى «Y» شەكلىدە ئۆتۈپ ناھىيىنى قىلغان. يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ ئىقلىمى ئىللىق، تۇپراق ۋە مەھسۇلاتى ئۈزلۈكسىز بولۇپ، دېھقانچىلىق قۇملۇق مەنزىرىسى ساياھەت قىلىش ئورنى. بۇ يەردە 1000 يىللىق توغراق پادىشاھى، 1000 يىللىق سۆگەت پادىشاھى ۋە شىپادالىق توغراقلىق بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇزۇن يىللىق قۇيۇپ كەتمەيدىغان «داۋاكۆل» سىرلىق كۆلى بار. بولۇپمۇ داۋاكۆل قۇملۇق مەنزىرىسى ساياھەت رايونى ئۆزىنىڭ بىپايان قۇملۇقى، رەڭمۇرەڭ دولقۇنلاپ تۇرغان كۆل سۈيى، قۇملۇق بىلەن كۆل تۇتىشىپ كەتكەن مەنزىرىسى بىلەن نۇرغۇنلىغان ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلماقتا.







1 : 300 000





**پەيزاۋات ناھىيىسى** ئاپتونوم رايوننىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان. شەرقىي، غەربىي مارالبېشى ناھىيىسى بىلەن، جەنۇب غەربىي يوپۇرغا ناھىيىسى بىلەن، غەرب، غەربىي قەشقەر يېڭىشەھەر، كونىشەھەر ناھىيىلىرى بىلەن، شىمال غەربىي ئاتۇش شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇنىڭغا 2 بازار، 11 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 6528 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 320 مىڭ.

پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ غەربىي ئېگىز، شەرقىي پەس، شىمالىي ئېگىز، جەنۇبىي پەس بولۇپ، شىمالىي قىسمى تاغلىق رايون، شەرقىي جەنۇبىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقى، ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمى تۈزلەڭلىك. بۇ ناھىيىدىن قەشقەر دەرياسى، پەيزاۋات دەرياسى، شىپكار سۇ ئامبىرى قاتارلىقلار بار. يېقىلغۇ ۋە رايونى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن مىس، قوغۇشۇن، سىنىك، مانگان، ھاك تېشى، قىمىلداش، بارىت، تەمشى گاز قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن جەرەن، يائىۋايى توشقان، قىرغاۋۇل قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن بۇيا، چاكاندا، ئىتتىكى قاتارلىقلار بار.

پەيزاۋات ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلباغ قۇرغاق ئىقلىمىغا تەۋە، كۈن نۇرى تولۇق چۈشىدۇ. ئىسسىقلىق قۇۋۋىتى مول، يامغۇر كەمچىل، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا يەرلىك ھاۋا، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 64.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارلىنىش مىقدارى 2051.5 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 215 كۈن.

پەيزاۋات ناھىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قاتناش دېلتىسىدا جايلاشقان، قاتناش قولايلىق، دۆلەت يولى 314-لىنىيىسى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى ناھىيە تەۋەسىنى توغرا كېسىپ ئۆتىدۇ، ناھىيە تول لىنىيىسى بولغان ئۆلكە يولى 213-، 311-لىنىيىلىرى ۋە ناھىيە بازىرىنى ھەممە يېزىغا تۇتىشىدۇ ھەممە دۆلەت يولى 314-، 315-لىنىيىلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. پەيزاۋات ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، مەشھۇر دەسۋە-جىنۇ ماكانىدۇر. پەيزاۋات قوغۇنى، پەيزاۋات ئۈزۈمى ۋە پەيزاۋات قارا ئۈزۈمى بىلەن جاھانغا تونۇلغان.


بۇ ناھىيىدە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆپ، ئوتتۇرىدا مىللىي يۇرت قوشۇق، بۇ يەردە ياشاش ئۇسۇلى جانلىق ۋە كەڭ دائىرىلىك شىنجاڭ ئۇسسۇلى ئوينىلىدۇ، يەنە ۋەزىپىدە سۇلىرى تولغان ئۆزگەن شىپكار ئۆزگىلىك سۇ ئامبىرى بار.

# مارالبېشى ناھىيىسى

مارالبېشى ناھىيىسى ئەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال چېتىگە جايلاشقان، شەرقىي ئاۋات، قارقاش ناھىيىلىرى بىلەن، جەنۇبىي گۇما، مەكىت ناھىيىلىرى بىلەن، غەربىي پەيزاۋات، يوپۇرغا، يەكەن ناھىيىلىرى بىلەن، شىمالى ئاتۇش شەھىرى، كەلپىن ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئىچكى ئەرچىن ئوتتۇرۇق شەھىرى بىلەن كېسىشىدۇ. ئوبلاستا 4 بازار، 8 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 18360 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 380 مىڭ.

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالى ئېگىز، شەرقىي جەنۇبى پەس بولۇپ، غەربىي شىمال قىسمى ئەگرىتاغ ئاغىلىق رايونى، غەربىي جەنۇب قىسمى ۋە شەرقىي شىمال قىسمى ئىسما تۈزلەڭلىكى، شەرقىي جەنۇب قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقى. سۇ بايلىقىدىن يەكەن دەرياسى، قەشقەر دەرياسى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن نېفىت، تۆمۈر، مىس، ئىشلان، قوغۇشۇن، ھېكىق، سىۋىق كرىستال، ئالباس، تاشتۇز قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن ئاق ئىيىكى، قارا ئىيىكى، قارلىغاچسىمان لاچىن، قارچىغا، سۇغۇرا، ئابىغان بۆلەك، سېرىق بۆركۈت قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن لوپنۇر كەندىرى، چۈچۈكبۇيا، سۇۋادان، سەمەن قاتارلىقلار بار. مارالبېشى ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقچىلىق ئىقلىمغا تەۋە، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 12.1℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 61.2 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2201.2 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 222 كۈن.

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى قولايلىق بولۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي چوڭ دەرۋازىسى. جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى، دۆلەت يولى 314-لىنىيىسى ۋە ئۆلكە يولى 215-لىنىيىسى ناھىيە تەۋەسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن توققۇز سارايى خارابىسى، چوڭ ئام خارابىسى، تۇمشۇق خارابىسى ۋە شاۋ شېھىدائى ئوردالىقى، ئانارگۈل سۇ ئامبىرى، سېرىقبۇيا جاڭگال باغرى قاتارلىقلار بار.




1 : 700 000

# تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە، قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، شەرقىي يەكەن، قاغىلىق ناھىيىلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبىي كەشمىر رايونى بىلەن، غەربىي تاجىكىستان، ئافغانىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شىمالى ئاقتو ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ناھىيىگە 2 بازار، 11 يېزا قارايدۇ، ئومۇمىي يەر مەيدانى 52300 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 30 مىڭ.

تاشقورغان ناھىيىسى تاغلار بىلەن قورشالغان بولۇپ، كۇئېنلۇن تېغى، قارا قۇرۇم تېغى، ھىندى قۇش تېغى ۋە تەڭرىتېغىدىن ئىبارەت 4 چوڭ تاغ تۈگۈنى ناھىيىدە قوشۇلۇپ، ئالەم يەر جۇغراپىيىسىنىڭ ئۆگزىسىنى ھاسىل قىلغان. سۇ بايلىقىدىن زەرەپشان دەرياسى، تاشقورغان دەرياسى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئالتۇن، تۆمۈر، كرىستال، مىس، مولىبدېن قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن بىلىيۈر، جەرەن، تاغ ئۆچكىسى، قوڭۇر ئېيىق، سېرىق بۈركۈت قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن تاغ لەيلىسى، قاشتېيىر، ئەگلىكئوت، مەرزەنجۇش ئوتى، قورساققول قاتارلىقلار بار. تاشقورغان سوغۇق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق كىلىماتقا تەۋە، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 3.6℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 68.1 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2262.2 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 113 كۈن.

تاشقورغان ناھىيىسى ئۆتمۈشتىكى جەنۇبىي ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىياغا تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈك، جەنۇبىي خۇنجىراب يولى ئارقىلىق پاكىستان بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي قارابۇ يولى ئارقىلىق تاجىكىستان بىلەن تۇتىشىدۇ. بۇ ناھىيىنىڭ ساياھەت بايلىقى ئۆزگىچە بولۇپ، ئاق قار بىلەن قاپلانغان مۇزتاغ ئاتا، مۇزتاغ چوققىسى ۋە دۇنيا بويىچە 2-ئېگىز چوققا چوگىر چوققىسى، داڭلىق مەنزىرىلىك جاي قاراكۆل قاتارلىقلار بار، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن تاش قەلئە، قىز قورغان خارابىسى قاتارلىقلار بار.



# خوتەن ۋىلايىتى




**رايوننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى:** خوتەن ۋىلايىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدا. شەرقى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن، جەنۇبى شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن، غەربى قەشقەر ۋىلايىتى بىلەن، شىمالى ئاقسۇ ۋىلايىتى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي جەنۇبىي كەشمىر بىلەن چېگرىلىنىدۇ. خوتەن ۋىلايىتىگە خوتەن شەھىرى، خوتەن ناھىيىسى، قاراقاش ناھىيىسى، گۇما ناھىيىسى، لوپ ناھىيىسى، چىرا ناھىيىسى، كېرىيە ناھىيىسى ۋە نىيە ناھىيىسى قارايدۇ. ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە خوتەن شەھىرىدە. 2003-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 1 مىليون 743 مىڭ 800 بولۇپ، ئاساسلىق ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان.

**تەبىئىي بايلىقى:** خوتەن ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىي ئېگىز، شىمالى پەس بولۇپ، غەربتىن شەرققە قىيپاش كەلگەن، جەنۇبىي كۆپ ئېغىزلىق كونلۇن تېغى، ئوتتۇرا قىسمى تاغ ئالدى بەلبېغى بولۇپ، شىمالى قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقى. سۇ بايلىقىدىن خوتەن دەرياسى، يۇرۇڭقاش دەرياسى، كېرىيە دەرياسى قاتارلىق چوڭ-كىچىك 36 دەرياسى بار. ھازىرغىچە بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان مىنېرال بايلىقلىرىدىن ئالتۇن، مىس، تۆمۈر، ماگنىي، ئاسبېست، ھاك تاش، قاشتېشى قاتارلىق 60 خىلدىن ئارتۇق بار، ئۇنىڭ ئىچىدە خوتەن قاشتېشى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا داڭلىق. ياۋايى ھايۋانلاردىن ياۋا قوتاز، ئېيىق، قۇلان، ئارقار قاتارلىقلار بار، ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن چوڭ سۆگەت، تاغ لەيلىسى، جاڭادا، چۈچۈملۈك قاتارلىقلار بار. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغلىق رايون مۆتىدىل بەلباغ قۇرغاق سوغۇق مۆتىدىل بەلباغ ئىقلىمغا كىرىدۇ، بوستانلىق تۈزلەڭلىك رايونى ئىللىق مۆتىدىل بەلباغ قۇرغاق چۆل-باياۋان ئىقلىمغا كىرىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 13.4℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 51.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2504.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 236 كۈن.


**ئىگىلىك ئىقتىسادى:** خوتەن ۋىلايىتى تارىخى ئۇزۇن ئۆلكىمىزدىكى مۇھىم دېھقانچىلىق رايونى بولۇپ، ئەزەلدىن ئاشلىق ئامبىرى، مېۋە-چېۋە ماكانى دېگەن گۈزەل نامى بار. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان قاتارلىقلار بار. باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرى كۆپ. ئۇنىڭ ئىچىدە قەغەز ياڭاق، ئۈجمە، ئانار، ئۈرۈك قاتارلىقلار سىرتقىمۇ داڭلىق. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سانائەت ئىگىلىكى ئاساسەن يىپەكچىلىك، گىلەمچىلىك، توقۇمىچىلىق، قاشتېشى قاتارلىق تۈرلىرى بار. ئۇنىڭ ئىچىدە خوتەن يىپەك، سېھىرلىك ئۈزۈم ۋە قاشتېشىدىن ياسالغان بۇيۇملار خوتەن [illegible] داڭلىق. مەھسۇلاتلىرىدىن ئەتلەس، خوتەن قاشتېشى، خوتەن گىلىمى قاتارلىقلار بار.

**قاتناش ۋە ساياھەتچىلىك:** خوتەن ۋىلايىتىدە قاتناش قولايلىق، دۆلەت يولىنىڭ 315-، 219-لىنىيىلىرى بۇ ۋىلايەتنى كېسىپ ئۆتىدۇ. خوتەن ۋىلايىتىدىكى يوللار ئايرودرومدا خوتەندىن ئۈرۈمچىگە بارىدىغان ھاۋا يولى ئېچىلغان. خوتەن ۋىلايىتى قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇھىم تۈگۈنگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇزۇن مىللىي ئالاھىدىلىكى، ئادەمي-سادە ئۆرپ-ئادىتى، ئۇزاق تارىختا ئىگە مىللىي مەدەنىيىتى، ئۇنىڭغا خاس تەبىئىي مەنزىرىسى، نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، مول كۆزەل بىلىق مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە [illegible]. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن نىيە خارابىسى، راۋاق بۇتخانا خارابىسى، ئاقسىپىل قەدىمىي شەھىرى خارابىسى، ئەندىر قەدىمىي شەھىرى خارابىسى، ئىلچى قاتارلىقلار بار. داڭلىق مەنزىرىلىك جايلاردىن قۇملۇق ئاتىشى، كونلۇن تېغىدىكى سىرلىق تۈرلۈك ئېگىز تاغدىكى ئىماملار، يۇلغۇنلار، تورى ۋە ئۈزۈم كارىدورى، يۈز يىللىق ئەنجۈر پادىشاھى، مىڭ يىللىق ياڭاق پادىشاھى قاتارلىقلار بار.






# خوتەن ۋىلايىتى مەمۇرىي رايونلىرى




1 : 2 250 000


# خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى






1 : 2 250 000

# خوتەن شەھىرى





**خوتەن شەھىرى** كونلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقى لوپ ناھىيىسى بىلەن دەريا ئارقىلىق چېگرىلىنىپ تۇرىدۇ. جەنۇب، غەرب، شىمال تەرەپلىرى خوتەن ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. خوتەن شەھىرى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ، ئۇنىڭدا 4 كوچا باشقارمىسى، 1 بازار، 3 يېزا بار. شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى شەھەر رايونىنىڭ شىمالىي ئۇزۇنچى يولىدا. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 154 كۋادرات كىلومېتىر، 2003-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 184 مىڭ 500 بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇلاردىن تەركىب تاپقان.

خوتەن شەھىرىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى تەكشى بولۇپ، يۈرۈڭقاش دەرياسى ئىسما ئۆزەكلىكىگە جايلاشقان. يېرى بوستانلىق، باغلىق، ساي، قۇملۇق ۋە دەريا ساھىلىدىن تەركىب تاپقان. سۇ بايلىقىدىن يۈرۈڭقاش دەرياسى قانالىلار بار. ئىشلىتىش ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن نېفىت، كۆمۈر، ئالتۇن، مېتال ۋە ياقۇت كەم ئۇچرايدىغان مېتاللار بار. يۇقىرى سۈپەتلىك قاشتېشى، چېرىمۇ، بۇلا چىقىدۇ. بۇلا ئۆتكە قانالىلار بار. خوتەن شەھىرى ئىسسىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقلىق، ئىپتىدائىي قۇملۇق ئىقلىمىغا كىرىدۇ. كىلىماتى قۇرغاق، يامغۇر ئاز ياغىدۇ، كېچە-كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 12.5℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 36.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2723.7 مىللىمېتىر، يىللىق قىروسىز مەزگىلى 230 كۈن.

خوتەن شەھىرى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قاتناش مەركىزى، دۆلەت يولى 315-لىنىيىسى شەھەر تەۋەلىكىنى توغرا كېسىپ ئۆتىدۇ. غەربتە قەشقەر بىلەن، شەرقتە نىيە بىلەن تۇتىشىدۇ. شىمالدا قۇملۇقنى ئۆتۈپ كورلا ئارقىلىق مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچى بىلەن تۇتىشىدۇ. خوتەن ئايرودرومى شىنجاڭدىكى 3 چوڭ خەلقئارا ئايرودرومنىڭ بىرى بولۇپ، ئۈرۈمچىگە بىۋاسىتە قاتناش ئورنىتىلغان. خوتەن شەھىرى قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇھىم بازىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى ئىگە سادادا مىللىي ئۆرپ-ئادىتى، ئۆزگىچىلىككە ئىگە ناخشا-ئۇسسۇلى ۋە سەنئىتى يۇقىرى ئىگە ئالاھىدىلىكى بىلەن مۇڭگو ۋە چەتئەللەرگە مەشھۇر ساياھەت شەھىرىگە ئايلانغان. بۇ يەردە م ئىنقىلابىي ئالاھىدە مەنزىرە ۋە دىككەت ناما ئېرىشكەن ئۆزۈن كەتكەن ئۆزۈم كارىدورى، ئۆزلۈك بايلىقلار ساقلانغان ۋىلايەتلىك مۇزېي ۋە قاينار خوتەن چوڭ بازىرى قاتارلىقلار بار.

# خوتەن ناھىيىسى





**خوتەن ناھىيىسى** قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە، يۇرۇڭقاش دەرياسى بىلەن قاراقاش دەرياسىنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان. شەرقى خوتەن شەھىرى، لوپ ناھىيىسى، چىرا ناھىيىسى بىلەن، شەرقىي جەنۇبىي شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي جەنۇبىي كەشمىر رايونى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، غەربىي گۇما ناھىيىسى، قاراقاش ناھىيىسى بىلەن دەريا ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. خوتەن ناھىيىسىگە 1 بازار، 11 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 41128 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 270 مىڭ.

خوتەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي ئېگىز، شىمالىي پەس بولۇپ، جەنۇبىي قىسمى كونلۇڭ تاغلىق رايونى، ئوتتۇرا قىسمى تاغ ئېتىكىدىكى يانباغىر تۈزلەڭلىك، شىمالىي قىسمى ئىككى دەريادىن ھاسىل بولغان ئىنتا تۈزلەڭلىك. سۇ مەنبەلىرىدىن قاراقاش دەرياسى، يۇرۇڭقاش دەرياسى قاتارلىقلار بار. خوتەن ناھىيىسى ئوتتۇرا بويىچە تۆت جۇغراپىيىلىك قاتلىمى مەۋجۇت بىرى، ئۇنىڭدا ئالتە قاتلىمى قاتارلىق كەم ئۇچرايدىغان قاتلاملىرى جەملەنگەن جاي. ئۆسۈملۈك باشقا ناھىيىلەر ۋە رايونى ئىشلىتىلگەن قىرلىرى بايلىقلاردىن ئالتۇن، كۆمۈر، خرۇستال، ھاك تېشى، مەرمەر تېشى، ئاسبېست قاتارلىقلار بار بولۇپ، كەم ئۇچرايدىغان ياۋايى ھايۋانلاردىن ... رايونى ... ياۋايى ھايۋانلاردىن سېلىپ، ئېيىق، بۆكەن، كۆكقۇتان، جەرەن، ئارقار، تۈلكە، تۈلكە قاتارلىقلار بار. ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبۇيا، ئاقلاپ، يەرپېچەكى، سۆراپ، قاشتېشىر، قىزىل يوپۇرماقلىق تەمەن قاتارلىقلار بار.

خوتەن ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە، كۈن نۇرلىنىش ۋاقتى ئۇزۇن، كېچە-كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 12°C، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 34.8 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2602 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 224 كۈن.

خوتەن ناھىيىسى مېۋىزى ئوبدان، ماي تەركىبى مول قەدىمىي باغلىق، يۇڭلۇق ھەم سۇغۇرما قاتلىشى، ئۇيغۇرچە ئادەم ھەم ئۆزگىچە بولغان گىلەم بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. قاتنىشى قولايلىق. دۆلەت يولى 315-لىنىيىسى ناھىيە تەۋەسىدىن ئۆتىدۇ. غەربتە قەشقەر بىلەن، شەرقتە نىيە بىلەن، شىمالدا قۇملۇقنى ئۆتۈپ كورلا ئارقىلىق مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچىگە تۇتىشىدۇ. خوتەن خەلقئارا ئايروپورتى مۇشۇ ناھىيە تەۋەسىدە بولۇپ، ئۆزئارا جەمئىيەت قولايلىق شارائىتقا ئىگە. خوتەن ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى ئۆزگىچە، مەدەنىيەت يادىكارلىقى كۆپ بولۇپ، ئۇلارغا تارىختىن بېرى ... يىللىق ... مەرمەر پادىشاھى، يۈز يىللىق ... مەرمەر پادىشاھى قاتارلىقلار بار. يېقىندىن بۇيان يەنە بولغان شەھەر خارابىسى، ... قەدىمىي شەھەر خارابىسى قاتارلىقلار بار.

# قاراقاش ناھىيىسى









**قاراقاش ناھىيىسى** ئوبلاستنىڭ غەربىدە شىمالى تەرىپىدە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە، قاراقاش دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان. شەرقى لوپ ناھىيىسى، جەنۇبى خوتەن ناھىيىسى بىلەن، غەربى گۇما ناھىيىسى، مارالبېشى ناھىيىلىرى بىلەن، شىمالى ئاۋات ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. قاراقاش ناھىيىسىگە 1 بازار، 15 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 25667 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 420 مىڭ.

قاراقاش ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس، جەنۇبىي قىسمى كۇئېنلۇن تاغلىق رايونى، ئوتتۇرا قىسمى ئىنسان ئۆزلەشتۈرگەن، شىمالى قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقى. سۇ بايلىقىدىن قاراقاش دەرياسى قاتارلىقلار بار. تاغلىق ۋە رايونى ئىشلىتىلگەن قېزىلما بايلىقلىرىدىن نېفىت، تەبىئىي گاز، ئالتۇن، ئالماس، قاشتېشى، كۆمۈر، ھاك تېشى، قوغۇشۇن قاتارلىقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇن، گەمبىر رايونى بىر قەدەر كۆپ، ئازرىقى بىر قەدەر كەلگەن، نېفىت، تەبىئىي گاز زاپىسى ئىنتايىن مول. ياۋايى ھايۋانلاردىن جەرەن، ئېيىق ساغلا قاتارلىقلار بار. يانتاق ئۆسۈملۈكلەردىن سۆگەت، يۇلغۇن، سېرىق يۇلغۇن، يانتاق ئوت، زەرگىيا قاتارلىقلار بار.

قاراقاش ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق قۇملۇق كىلىماتىغا تەۋە، قۇياش نۇرى تولۇق يېتەرلىك، كېچە-كۈندۈزدىكى تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.4℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 36.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1960.7 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 219 كۈن.

قاراقاش ناھىيىسىدە قاتناش قولايلىق، دۆلەت يولى 315-لىنىيىسى ناھىيە تەۋەسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ، غەربىي قەشقەر بىلەن، شەرقى خوتەن بىلەن تۇتىشىدۇ. خوتەن خەلقئارا ئايرودرومى بىلەن دەريا ئارقىلىق تۇتىشىپ تۇرىدىغان ئالاھىدە قولايلىقلىققا ئىگە. قاراقاش ناھىيىسىدە ساياھەت بايلىقى ئۈزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ، غەربىدە جەنۇبىدىكى تۆگە كاۋىسى بولسا، شەرقتە يىلانچىلىق تولغىسى باغلانغان قاراقاش دەرياسى بار. ئۆتمۈشتە باشقا يەتتە مىڭ يىللىق قىسمەن تارىخقا ئىگە قەدىمىي مەدەنىيەت، تارىخىي ۋە ئارخېئولوگىيە قىممىتى يۇقىرى مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان، ساقلىنىپ قالغان ئۆزگىچە قەدىمىي مەدەنىيەت ئاتالغان مازار تاغ قەدىمىي قەلئەسى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بار.





**گۇما ناھىيىسى** تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە، قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. شەرقى خوتەن، قاراقاش ناھىيىلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبى كەشمىر بىلەن چېگرىلىنىدۇ، غەربىي قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن، شىمالىي مەكىت، مارالبېشى ناھىيىلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. تەۋەلىكىدە 2 بازار، 13 يېزا بار. ئومۇمىي يەر مەيدانى 39412 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 220 مىڭ.


گۇما ناھىيىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا يانتۇ بولۇپ، جەنۇبىي قىسمى قاراقۇرۇم تاغلىق رايونى، ئوتتۇرا قىسمى تاغ ئېتىكى جىلغىلىق ۋە ئېتىز تۈزلەڭلىك، شىمالىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقى. سۇ بايلىقىدىن تاغ ئېرىقچىسى تەكلىماكانلىك بەش دەريا ئېقىمى بار. بايلىقلىرىدىن ۋە رايىسى ئېشلىگەن قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، گۈڭگۈرت، بېرىل، قاشتېشى، ماگنېز، قوغۇشۇن، مىس، گەج، ھاك تاشى قاتارلىقلار بار. ئوتتۇرىدا مەشھۇر بولغان تارىم ئېگىزلىكى بىرلەشمە جەنۇبىي ئىككى دەسلەپ مۇتلەق يەردىن باشلانغان، بۇلاق ھايۋانلاردىن ياۋا توشقان، تۈلكە، تاغ ئۆچكىسى، كۆككۆيرۈك، كىيىك، ئىيىق، تۆلكىسى، قارا قاتارلىقلار بار، ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن سۇغاپ، دولان، قىزىلتېرىق، چىغ، جىگدە، تاغ لەيلىسى، زىراغا، بېدىمۇشكى قاتارلىقلار بار.

گۇما ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ ئىنتايىن قۇرغاق كىلىماتقا تەۋە بولۇپ، تۆت پەسلى ئېنىق، كۈن نۇرى يېتەرلىك ۋاقتى ئۇزۇن، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 12.1℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 49.8 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2493.4 مىللىمېتىر، يىللىق قىروسىز مەزگىلى 219 كۈن.

گۇما ناھىيىسى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ غەربىي يولى دەرۋازىسى بولۇپ، قاتناش قولايلىق، دۆلەت يولى 315-لىنىيىسى ناھىيە ئەۋەتىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ، غەربىي قەشقەر بىلەن، شەرقى خوتەن بىلەن تۇتىشىدۇ.

گۇما ناھىيىسىنىڭ ساياھەت بايلىقى مول، جۇغراپىيىلىك مۇھىتى ئۆزگىچە، قۇملۇق، بوستانلىق، ئېدىرلىق، بوغقىلار ئەرشىلىك جايلاشقان بولۇپ، ... ساياھەت مەنزىرىلىرىدىن گۇما بوۋاق مەسچىتى، بويچىنىڭ ئۆزدى غاس قورۇقى، ساماۋ قىيا تاش سىزمىسى، باغچىچىلىك قەدىمىي شەھىرى، كەكلىر دەرياسى قاتارلىقلار بار.

1 : 1 000 000




**لوپ ناھىيىسى** تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە، كونلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. شەرقى چىرا ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى ۋە غەربى خوتەن شەھىرى، خوتەن ناھىيىسى، قاراقاش ناھىيىسى بىلەن دەريا ئارقىلىق تۇتىشىپ تۇرىدۇ، شىمالى ئاقسۇ شەھىرى، ئاۋات ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. لوپ ناھىيىسىگە 2 بازار، 9 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 14264 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 240 مىڭ.

لوپ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس بولۇپ، جەنۇبىي قىسمى كونلۇن تېغى ۋە تاغ ئېتەكلىرىدىكى يانتۇ تۈزلەڭلىك، شىمالىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقى. سۇ بايلىقىدىن يۇرۇڭقاش دەرياسى، ئاتچىق دەرياسى قاتارلىقلار بار. ئېچىلغان ۋە ئىشلىتىلگەن قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، نېفىت، ھاك تېشى، قىزىل قۇمتاش، گەچ، ئوتقا چىداملىق تۇپا، سېرىق تاش، ئاقتاش، گۇگۇرت، ئۇران، قاشتېشى قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن ياۋا تۆگە، تۈلكە، توشقان، ئىلان، جەرەن، ياۋا ئۆردەك، ھاككۇك، تاغ كەكلىكى، تۇغلار قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن قاشتېشى، كەندىر، قىزىل گۈل، قىزىل يۇلغۇنلۇق، ئەمەن قاتارلىقلار بار.


لوپ ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا كىرىدۇ، كېچە-كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، قۇياش ئېنېرگىيىسى ۋە ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى مول. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 35.5 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2312.1 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىرولسىز مەزگىلى 201 كۈن.

لوپ ناھىيىسى قەدىمىي يېزىقلىقى ئەسلىمىلىرى، بۇددىزم گۈزەل ئەنئەنىلىرى، يېغىلىق ۋە سۇۋاق خوتەن گىلىمى ۋە ئەسلىدىكى خوتەن قويى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. قاتنىشى قولايلىق، دۆلەت يولى 315-لىنىيىسى ناھىيە تەۋەسىدىن ئۆتىدۇ. شەرقى چىرا ناھىيىسى بىلەن، غەربى خوتەن بىلەن تۇتىشىدۇ. خوتەن ئايرودرومى بىلەن دەريا ئارقىلىق تۇتاشقان ئاۋىئاتسىيە قاتنىشى قولايلىق. بۇ ناھىيىدىكى مىللىي ئويۇن، ئادەتلەر، مىللىي ئەنئەنىلىك كىيىم-كېچەكلىرى قەدىمىيلىكى ۋە ئۆزگىچىلىكى بىلەن، بۇ يەردە ئاقسىپىل قەدىمىي شەھىرى، زاۋۇل بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى، سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقى بولغاندىن باشقا يەنە ياڭاق دەرىخى شاخى، ئەنجۈر دەرىخى شاخى، ئۈزۈم تېكى شاخى قاتارلىقلار بار.






1 : 850 000




**چىرا ناھىيىسى** ئوبلاستنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شىمالىي كەڭلىك ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقى كېرىيە ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن، غەربىي لوپ ناھىيىسى، خوتەن ناھىيىسى بىلەن، شىمالى قۇملۇقتىن ئۆتۈپ ئاقسۇ شەھىرى، شايار ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. چىرا ناھىيىسىگە 1 بازار، 7 يېزا قارايدۇ. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى چىرا بازىرىدا. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 31590 كۋادرات كىلومېتىر. 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ناھىيىسىدە ئومۇمىي نوپۇسى 135 مىڭ 400 بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان.

چىرا ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس بولۇپ، جەنۇبىي قىسمى كۇئىنلۇن تاغلىق رايونى، ئوتتۇرا قىسمى قۇملۇق ۋە ئىسما تۈزلەڭلىك، شىمالىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقى. سۇ بايلىقىدىن چىرا دەرياسى، چاقا دەرياسى، ئۈلۈغساي دەرياسى، سايباغ دەرياسى، بۇزلاڭ دەرياسى، قارلىق دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايلىقلار ۋە رايونى ئىستېمالى قېزىلما بايلىقلاردىن ئالتۇن، ئالتۇن رودىسى، قاشتېشى، ھاك تاش، چىرمىتال، ئاسبېست، كۆمۈر، كۆكتاش، تۇز، تاش قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن تاغ، تۈلكە، سۇغۇر، بۆرە، ياۋا چوشقا، ياۋا توشقان، تۈلكە، قىچىر ساغۇچ، ياۋا قاز قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلەردىن تاغ لەيلىسى، چاكاندا، قىزىلقۇت، چۈچۈكبۇيا، سوراپ، زاراڭزا، ئاققاند قاتارلىقلار بار. چىرا ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقلىق ئىقلىمىدىكى قۇرغاق ئىقلىمغا كىرىدۇ. كۈن نۇرى يېتەرلىك، ۋاقتى ئۇزۇن، كېچە ـ كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 12.2℃. يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 35.5 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2751.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 235 كۈن.

چىرا ناھىيىسىدە قاتناش قولايلىق، دۆلەت يولى 315 ـ لىنىيە ناھىيە تەۋەسىنى ئوتتۇرا كېسىپ ئۆتىدۇ، غەربىي خوتەنگە، شەرقى نىيىگە تۇتىشىدۇ. چىرا ناھىيىسىدە تەبىئىي مەنزىرە بىلەن ئارخېئولوگىيىلىك مەنزىرە بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، مەنزىرىلىك جايى، ھاسا قىرىندالىق قەلئەلىرى، سىرلىق داشكو يۇدا ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئارلىسى ۋە مىلادىيەدىن بۇرۇنقى قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزنالىرى قاتارلىقلار بار. ئۈچىسىدە ياشقا يەتكەن، چۈشلىرى چۈشۈپ تۈرگەن، چاچلار ئاقلاپ بولغان ياشى، يەنىلا ئەمگەك ئوناشلىرى ۋە قىلىقى ياخشى بار.





**كېرىيە ناھىيىسى** ئەلتىساكان قوشتاغنىڭ جەنۇبىي جىنگە، كوشتلۇن تىغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. شەرقى نىيە ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبىي شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن، غەربىي چىرا ناھىيىسى بىلەن، شىمالىي شايار ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. كېرىيە ناھىيىسىگە 2 بازار، 13 يېزا قارايدۇ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى نىيەلا بازىرىدا. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 39023 كۋادرات كىلومېتىر، 2003- يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 221 مىڭ 500. ئاساسلىقى ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇلاردىن تەركىب تاپقان.

كېرىيە ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي ئېگىز، شىمالىي پەس، جەنۇبىي قىسمى كوشتلۇن تاغلىق رايونى، ئوتتۇرا قىسمى تاغ ئېتىكى تۈزلەڭلىكى، شىمالىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقى. سۇ بايلىقىدىن كېرىيە دەرياسى قاتارلىقلار بار. [illegible]

ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.5℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 47.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2408.8 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 198 كۈن.


كېرىيە ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى قولايلىق، دۆلەت يولى 315-لىنىيىسى ناھىيە تەۋەسىدىن ئوتتۇرىدا كېسىپ ئۆتىدۇ، غەربىي خوتەن بىلەن، شەرقى نىيە بىلەن تۇتىشىدۇ.

كېرىيە ناھىيىسىنىڭ [illegible]



1 : 1 200 000

# نىيە ناھىيىسى




229
228

**نىيە ناھىيىسى** كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقىي چەرچەن ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبىي شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن، غەربىي كېرىيە ناھىيىسى بىلەن، شىمالىي شايار ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. نىيە ناھىيىسىگە 1 بازار، 5 يېزا قارايدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 56726 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 30 مىڭ.

نىيە ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس بولۇپ، جەنۇبىي قىسمى كۇئېنلۇن تاغلىق رايونى، ئوتتۇرا قىسمى تاشلىق يانتۇلۇق، شىمالىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقى. سۇ بايلىقىدىن نىيە دەرياسى، ياۋا ئوتۇنلار دەرياسى، ئەندىر دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن كېيەك ئالتۇن، كۆمۈر، كۈڭگۈرت، ئاسبېست، نېفىت، چىرىستال، قاشتېشى، شىلاتىت، گەچ، ھاك تېشى قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن ياۋا قوتاز، ياۋا تۆگە، ئېيىق، ياۋا ئېشەك، ئېيىق يېگىنى، يىلپىز، ئالتۇن بالىق، مايماق، سۇغۇر، تۈلكە، ياۋا غاز، ياۋا ئۆردەك قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن سۆرەپ، چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، كەندىر قاتارلىقلار بار.


نىيە ناھىيىسىنىڭ تۆت پەسلى ئېنىق، كۈن نۇرى يېتەرلىك، تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، قىروسىز مەزگىلى ئۇزۇن بولۇپ، ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق كىلىماتقا تەۋە. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.5°C، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 38.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2862.0 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 201 كۈن.

نىيە ناھىيىسى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى بىرلەشتۈرگەن ناھىيە. شۇنداقلا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي چېگرا دەرۋازىسى بولۇپ، قاتناش قولايلىق، 315-دۆلەت يولى ئىنىيىسى بىلەن قۇملۇق ئاتىيول يولى ئۇچرىشىدۇ. بۇ ناھىيىدىكى غەربىي خوتەن بىلەن، شەرقىي چاقىلىق بىلەن، شىمالىي قۇملۇقتىن ئۆتۈپ ئۈرۈمچىگە بارىدىغان قاتناش تۈگۈنى بىلەن تۇتىشىدۇ. نىيە ناھىيىسىدە قەدىمىي ئۆرپ-ئادەتلەر ساقلانغان بولۇپ، مەدەنىيىتى ئۆزگىچىلىككە ئىگە. دۇنياغا ۋە جەت ئەللىرىگە مەشھۇر بولغان نىيە خارابىسى، ئەندىر قەدىمىي شەھىرى، ئاقئويمان قەدىمىي شەھىرى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بولۇپلا قالماستىن، يەنە قۇملۇق ئالاھىدە مەنزىرىسى نېفىت ئالتۇنى ۋە ئىسسىقبۇلاق مەنزىرىسى، 18 ئۆتەڭلىك سۇ قۇرۇلۇشى، قۇملۇقتىكى سېرىق كەمت ياۋا ئوتلاق كەمتى بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە گۈزەل بېلىق كۆلى، ئاۋلىق مەنزىرىسى ۋە ئوتە قەدىمىي مەزمۇن قاتارلىقلار بار.

# ئىلى
# قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى



## خوتەن شەھەر رايونى




# ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى مەمۇرىي رايونلىرى





1 / 3 000 000

## ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ مەمۇرىي رايونلىرى




1 : 1 200 000







1 : 1 200 000

# غۇلجا شەھىرى

**غۇلجا شەھىرى** ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا جايلاشقان، جەنۇبى ئىلى دەرياسىغا يېقىن، شىمالى تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي تارماق ئىرىمى كۆكۆرجىن ئېتىكىدە تۇتىشىدۇ. شەرقى غۇلجا ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن، غەربىي شىمالى قورغاس ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. غۇلجا شەھىرى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى، ئۇنىڭ قارمىقىدا 8 كوچا باشقارمىسى، 1 بازار، 6 يېزا بار. شەھەرنىڭ خەلق ھۆكۈمىتى شەھەر رايونىدىكى ئازادلىق يولىدا ئورۇنلاشقان. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 675 كۋادرات كىلومېتىر، 2003-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 373 مىڭ 100 بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر بار.

غۇلجا شەھىرىنىڭ شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس، شىمالىي قىسمى كۆكۆرجىن ئېتىكى، جەنۇبىي قىسمى ئىلى دەرياسى ئېقىن ئېتىكى تۈزلەڭلىك بولۇپ، يېرى مۇنبەت، سۇ مەنبەسى يېتەرلىك، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق قىلىشقا باپ كېلىدۇ. «غەربىي دىياردىكى گۈزەل ماكان» ۋە «غەربىي دىياردىكى مەرۋايىت» دېگەن گۈزەل نامى بار. سۇ بايلىقىدىن ئىلى دەرياسى قاتارلىق سۇ سىستېمىسى بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، تۆمۈر، ئالتۇن، مىس، ئوتقا چىداملىق سېغىز تۇپا قاتارلىقلار بار. غۇلجا شەھىرىنىڭ ھاۋاسى يېقىشلىق، مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق ئىقلىمىغا تەۋە. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 9.0℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 268.9 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1571.0 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 141 كۈن.


غۇلجا شەھىرى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ قاتناش مەركىزى، دۆلەت تاشيولى 218-لىنىيىسى شەھەرنى كېسىپ ئۆتىدۇ، شەرقتە دۆلەت تاشيولى 217-لىنىيىسى بىلەن، غەربتە دۆلەت تاشيولى 312-لىنىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. غۇلجا ئايرودرومىدىن ئۈرۈمچىگە قاتنايدىغان ھەرقايسى ئايروپىلان بار. غۇلجا شەھىرىنىڭ «پىيانچە شەھەر» دېگەن گۈزەل نامى بولۇپ، گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىسى، ئۆزگىچە ئېتنوگرافىيىلىك مەنزىرىسى كىشىنى قايىل قىلىدۇ. شەھەر كوچىلىرى چاچما شەكىلدە جايلاشقان بولۇپ، ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى قۇرۇلۇشلار پۈتۈن شەھەرگە تارقالغان. داڭلىق مەنزىرىلىك جايلاردىن ئىلى دەرياسى ساياھەت مەنزىرە رايونى، ئىلى دەرياسى مىللىي مەدەنىيەت كەنتى، ئالمۇتا مىللىي ئۆرپ-ئادەت گۈللۈكى، ئوت ئەمەدىيا تۈگكۈرى قاتارلىقلار بار.











**كۈيتۇن شەھىرى** تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇب چېتىگە جايلاشقان، شەرقىي ساۋەن ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبىي مايتاغ رايونى بىلەن، غەربىي شىخو شەھىرى بىلەن، شىمالىي قاراماي رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ. كۈيتۇن شەھىرى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق شەھەر بولۇپ، قارمىقىدا 5 كوچا باشقارمىسى، 1 يېزا بار، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى شەھەر رايونىدىكى ئىتتىپاق مەيدانىدا تۇرۇشلۇق. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1171 كۋادرات كىلومېتىر، 2003-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 295 مىڭ 500 بولۇپ، ئاساسلىقى خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەر بار.

كۈيتۇن شەھىرىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئەگرى بولۇپ، جەنۇبىدىن شىمالغا قاراپ سىرىلاپ بارىدۇ. جەنۇبىي قىسمى تەڭرىتېغىنىڭ يۇرە بەلۈمى، ئوتتۇرا قىسمى جىلغا، جەزىرە، شىمالىي قىسمىدا كۆپ مايلىق كۆل، سازلىق. سۇ بايلىقلىرىدىن كۈيتۇن دەرياسى، جۇڭگۇ سۇ ئامبىرى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپاسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن سېمىنت تۇپا، قۇم تاش، كېپەك تاشلىق قاتارلىقلار بار. كۈيتۇن شەھىرى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقلىق ئىقلىمىغا كىرىدىغان قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە، تۆت پەسىل ئېنىق، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 7.3℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 183.2 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1747.8 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 182 كۈن.

كۈيتۇن شەھىرى شىمالىي شىنجاڭ رايونىدىكى ئەڭ چوڭ ماددىي ئەشيا يۆتكەش-تارقىتىش ئورنى ۋە قاتناش-ترانسپورت تۈگۈنى. دۆلەت تاشيولى 312-لىنىيىسى ۋە 217-لىنىيىسى بۇ يەردە ئۇچرىشىدۇ، ئۈرۈمچى-كۈيتۇن يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى بىلەن كۈيتۇن-سايرام يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيولى بۇ يەردە تۇتىشىدۇ. كۈيتۇن شەھىرى ئەزەلدىن «چىچەكلىك شەھەر» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر.




1 : 300 000

# غۇلجا ناھىيىسى

**غۇلجا ناھىيىسى** تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان، شەرقىي نىلقا ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبىي چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى، توققۇزتارا ناھىيىسى بىلەن دەريا ئارقىلىق قارىشىپ تۇرىدۇ، غەربىي غۇلجا شەھىرى، قورغاس ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالى بورتالا شەھىرى، جىڭ ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. غۇلجا ناھىيىسىنىڭ قارمىقىدا 2 بازار، 18 يېزا بار، پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەر مەيدانى 4585 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 400 مىڭ.

غۇلجا ناھىيىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى شىمالى ئېگىز، جەنۇبىي پەس، شىمالىي قىسمى كۆكئېرچىن تېغى، ئوتتۇرا قىسمى دۆڭلۈك، جەنۇبىي قىسمى ئىلى دەرياسىنىڭ ئېقىن ئىنىشا تۈزلەڭلىكى. سۇ بايلىقلىرىدىن قاش دەرياسى، يېرسۇن دەرياسى، يۇغۇكەي دەرياسى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، ئالتۇن، مىس، ئالۇمىن، كۋارتس تاش، گاۋلىن تېشى قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن تاغ تېكىسى، جەرەن، تايغان، بۇغا، قوڭۇر ئېيىق، ئاق قۇ، تۇلكە قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن تۆشەكتۇغلاق، بۇيانە، قىزىل يوپۇق چاكاندا، قىزىل يوپۇرماقلىق ئەمەن، ئەنجۈدان قاتارلىقلار بار. غۇلجا ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقچىلىق يېرىم قۇرغاق ئىقلىمىغا تەۋە، كىلىماتى يېقىشلىق، تۆت پەسلى ئېنىق. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 9.6℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 350.0 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1510.8 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 161 كۈن.

غۇلجا ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى قولايلىق، دۆلەت تاشيولى 218-لىنىيىسى ناھىيە تەۋەسىنى ئوتتۇرىسىدا كېسىپ ئۆتىدۇ ھەمدە ئۆلكە تاشيولى 220-، 314-، 315-لىنىيىلىرى بىلەن بىر قاتناش تورىنى شەكىللەندۈرگەن. داڭلىق مەنزىرىلىك جايلىرىدىن ئىلى دەرياسى ئېقىندىكى ئورمان باغچىسى، ئاتلاساي ئورمان باغچىسى، ئاقتاش شارقىراتمىسى، ھىلال تاي شەھىرى مىللىي تۈرۈپ-ئادەت باغچىسى قاتارلىقلار بار. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىزنالىرىدىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھىلال تاي شەھىرى، خوجىنتون شەھىرى خارابىسى ۋە قەدىمكى ئىنسانلار خارابىسى قاتارلىقلار بار.




# چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى

**چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى**

تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا جايلاشقان. شەرقىي توققۇزتارا ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبىي تېكەس، موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شىمالىي غۇلجا شەھىرى، غۇلجا ناھىيىسى، قورغاس ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. قارمىقىدا 2 بازار، 11 يېزا بار. پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەر مەيدانى 4482 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 160 مىڭ.

چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى جەنۇبىي ئېگىز، شىمالىي پەس، جەنۇبىي قىسمى تاغلىق، ئېدىرلىق، شىمالىي قىسمى ئىلى دەرياسى ئېقىن ئىنىشا تۈزلەڭلىكى. سۇ بايلىقىدىن ئىلى دەرياسى، چاپچال دەرياسى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، تۆمۈر، ھاك تېشى، كېپەك ئالتۇن، چىنە تۇپرىقى، ھېقىق قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن ئايغان بۇغا، جەرەن، ياۋا چوشقا، تۈلكە قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن سوغىگۈل، لەڭلىك ئوت، چۈچۈككۈيا، رۇخەن، كىرىش، قار لەيلىسى قاتارلىقلار بار. چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ سۇب-قۇرغاق ئىقلىمىغا تەۋە، كلىماتى بىرقەدەر ئىللىق ۋە نەم، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 8.4℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 221.9 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1549.9 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 159 كۈن.

چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى قولايلىق، ئەۋجىسە دۆلەت دۆلەت 1-دەرىجىلىك پورتى بولۇپ، قازاقىستان بىلەن سودا-سېتىقنى قانات يايدۇرۇشتىكى مۇھىم قانال. چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى دۆلەت مىللىي ئۆرپ-ئادەت ساياھەت مۇھىم نۇقتىسى بولۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە ۋە ئىلى دەرياسى مەدەنىيىتى ۋە شىبە مىللىي ئۆرپ-ئادەت مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىسىل ساياھەت ماركىسىنى شەكىللەندۈرگەن. چوڭ بوغرا ئورمان باغچىسى، ئەۋلىيا چوققىسى مەنزىرە رايونى، شىبە مىللىي مەنزىرە باغچىسى، جىڭيۈەن ئىبادەتخانىسى، كۆمۈش چوقا ئىبادەتخانىسى قاتارلىقلار بار.




1 : 350 000

# قورغاس ناھىيىسى


**قورغاس ناھىيىسى** ئەگرىتبەستنىڭ غەربىي بۆلىكى، ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان، شەرقى غۇلجا شەھىرى، غۇلجا ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبىي چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شىمالى بورتالا شەھىرى، ئارىشاڭ ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. قورغاس ناھىيىسىنىڭ قارىمىقىدا 5 بازار، 5 يېزا بار. پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەر مەيدانى 5439 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 350 مىڭ.

قورغاس ناھىيىسىنىڭ شىمالى ئېگىز، جەنۇبىي پەس، غەربىي شىمالىدا بېگەنتاۋ تېغى، شەرقىي شىمالىدا كۆككۆرچىن تېغى بار، ئوتتۇرا قىسمى سېرىق توپىلىق بارخان، جەنۇبىي قىسمى ئىلى دەرياسى ئېقىن ئىنىشا تۈزلەڭلىكى، غەربىي جەنۇب قىسمى قۇملۇق رايونى. سۇ بايلىقلىرىدىن ئىلى دەرياسى، قورغاس دەرياسى قاتارلىق سۇ سىستېمىلىرى بار، قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، ھاك تېشى، گەج، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، گرانىت، مەرمەر تاش قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن ئۈچ بەلمۇستىلىك قۇرۇقلۇق تاشپاقىسى، تايغان بۆرە، قىرغاۋۇل، قوڭۇر ئېيىق، يىلپىز، ئۆشنۈر قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن چۈجۈزكىيا، قانتېمىر، قىزىل چۆپلۈك، بۆدۈنەقاق، سوغىگۈل قاتارلىقلار بار. قورغاس ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ يېرىم قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 9.4℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 235.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1473.5 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 163 كۈن.

قورغاس ناھىيىسى ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي ئىشىكى، دۆلەت دەرىجىلىك 312-، 218-لىنىيىسى بۇ يەردە ئۈچرىشىدۇ. تەۋەسىدە غەربىي شىمال رايونى بويىچە ئەڭ چوڭ بولغان قورغاس دۆلەت 1-دەرىجىلىك پورتى بار، ئۇ قازاقىستان بىلەن سودا-سېتىقنى قانات يايدۇرۇشتىكى مۇھىم قانال. قورغاس ناھىيىسىدە گورگۇ ئورمان باغچىسى، مەنزىرىسى گۈزەل بولغان داشكۆ ئىسلاھخانىسى، مەنزىرىسى كىشىنى جەلپ قىلىدىغان ئىلى دەرياسى ۋادىسى، يەنە ئىلى گېنېرال مەھكىمىسى، كۆرە قوغدىلىدىغان رايونى قاتارلىق يادىكارلىقلار بار.



# توققۇزتارا ناھىيىسى






**توققۇزتارا ناھىيىسى** ئىلى ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى، ئىلى دەرياسى ۋادىسى يۇقىرى ئېقىنىنىڭ جەنۇبىي يېنىدا جايلاشقان. شەرقىي جەنۇبىي خېجىڭ ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبىي تېكەس ناھىيىسى بىلەن، غەربىي چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن، شىمالى غۇلجا ناھىيىسى، نىلقا ناھىيىسى بىلەن، شەرقىي شىمالى كۈنەس ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ قارىمىقىدا 1 بازار، 7 يېزا بار. پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەر مەيدانى 4119 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، نوپۇسى 160 مىڭ.

توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ ئۈچ تەرىپى تاغ تۇراپ تۇرىدۇ، بىر تەرىپى ئاقما بىلەنلا، يەر تۈزۈلۈشى شەرقىي جەنۇبتىن غەربىي شىمالغا قاراپ قىيپاش. شەرقىي جەنۇب قىسمى ئارات تاغلىق رايون، غەربىي شىمال قىسمى ئىلى دەريا ۋادىسى تۈزلەڭلىكى، تاغلىق رايون بىلەن تۈزلەڭلىكنىڭ ئالاھىدە بولغان جايلىرى پەقەت 6 كىلومېتىر كېلىدۇ. بايلىقلىرى كەڭ، يېرى مۇنبەت، سۇ بايلىقى مول. ئىسسىقلىق يېتەرلىك بولۇشتەك ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتقا ئىگە. سۇ بايلىقلىرىدىن سىرغىلاڭ دەرياسى، تېكەس دەرياسى، ئىلى دەرياسى قاتارلىق دەريالار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئىسپاتلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، ھاك تېشى، ئاتلىياختا، ئالتۇن، بېرىل، بارىت قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن بىلىېر، تاغ تېكىسى قاتارلىقلار بار. ياۋا ئوۋا ئۆسۈملۈكلەردىن سوغاگۈل، قار لەيلىسى، مېھرىگىياھ قاتارلىقلار بار.


توققۇزتارا ناھىيىسى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقلىق ئىچىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتقا تەۋە. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 7.9℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 275.7 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1401.7 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 148 كۈن.

توققۇزتارا ناھىيىسى ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى شەرقىي بەش ناھىيىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان. ئۇنىڭغا ئاشيولى 316-لىنىيىسى شەرقتىن غەربكە قاراپ ئوترىسىدا كېسىپ ئۆتىدۇ، ئۇنىڭغا ئاشيولى 220-لىنىيىسى جەنۇب-شىمالى ئوتتۇرىسىدا كېسىپ ئۆتۈپ، توققۇزتارا ناھىيىسى ئىلى ئوبلاستىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا قاتناشتا ھەرەمىن ئۆتىدىغان بەرگە ئايلاندۇرغان. توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ ئاتلىرى ھەيۋەتلىك، مەنزىرىسى گۈزەل، ساياھەت بايلىقى ئىنتايىن مول. ھەممىگە مەشھۇر غەربىي تەڭرىتاغ دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، ياۋا ئالما تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، كۆكدىرىنىڭ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، كەلا ۋە گۈزەل جاڭى ئوبلان يايلىقى، ئارىم سىرغىلاڭ مەنزىرە رايونى، مەنزىرىسى گۈزەل بولغان يوۋاڭ ۋە كىچىك موڭغۇر مەنزىرە رايونى بار.

1 : 400 000

# كۈنەس ناھىيىسى





**كۈنەس ناھىيىسى** ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ شەرقىي ئۇچىغا جايلاشقان، شەرقىي جەنۇبى خېجىڭ ناھىيىسى بىلەن، غەربىي جەنۇبى توققۇزتارا ناھىيىسى بىلەن، شىمالى نىلقا ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. كۈنەس ناھىيىسىنىڭ قارمىقىدا 5 بازار، 4 يېزا بار. پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەر مەيدانى 7581 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 290 مىڭ.

كۈنەس ناھىيىسىنىڭ شەرق، جەنۇب، شىمال تەرەپلىرىنى تاغ ئوراپ تۇرىدۇ، ئوتتۇرا قىسمى كۈنەس دەرياسى ۋادىسى تۈزلەڭلىكى بولۇپ، شەرقتىن غەربكە قىيالىغان. كۈنەس شىنجاڭدىكى داڭلىق هارۇ يۇرتى، تېككەر شەھىرى، كەندىر ناھىيىسى، يۇرچاق مەركىزى، دورا شەھىرى بولۇپ، ساياھەت، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقتا بەلگىلىك ئورۇن تۇتىدىغان جاي. جەمئىي دىيارىدىكى گۈزەل ماكان ۋە ئەمدىغان گۈزەل تاغ بار.

سۇ بايلىقلىرىدىن كۈنەس دەرياسى، چاپ دەرياسى ۋە جۇلا سېرىقلاق دەرياسى قاتارلىق دەريا، ئېقىنلىرى بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن تۆمۈر، كۆمۈر، ئالتۇن، مىس، گرانىت، مەرمەر تاش، سىمونېت، مانگان، كۋارتس، خۇر تېشى، ئېنېر كرىستال تاش قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن بىلىم، تاغ ئېچكىسى، قوڭۇر ئېيىق، قۇر، ئايغان بۇغا، بۇلا جۇقا قاتارلىقلار بار، بۇلا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن قار لەيلىسى، سوغۇق، چۈچۈكلەرگە قاتارلىقلار بار. كۈنەس ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ سۇب قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 8.9℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 497.1 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1354.7 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 149 كۈن.

كۈنەس ناھىيىسىنىڭ قاتناش قولايلىق، دۆلەت تاشيولى 217-، 218-لىنىيىسى بىلەن ئۆلكە تاشيولى 316-لىنىيىسى ھەشكەكلىي ئۆتۈپ، بىرى توغرىسىغا بولۇشنىڭ قاتناش تورىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇنىڭدا دۆلەت ئارىلىق ساياھەت ئارقىلىق ئىچىش ئالېيۋوروننى ھۇۋۋەشنى ئەمەلگە ئاشتى.

كۈنەس ناھىيىسى تاغ-دەريا يېنىدا جايلاشقان بولۇپ، مەنزىرىسى گۈزەل، داڭلىق مەنزىرىلىك جايلىرىدىن ناراتى داڭلىق مەنزىرە رايونى، ناراتى دۆلەت ئورمان باغچىسى، بالا مېھرابلىق مەنزىرە رايونى، ئارشاڭ مەنزىرە رايونى بار. جۇڭگو چىملىق ئورنىدىكى ئوتلاق ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت رايونى، چاپ دەرياسى ئوتلاق ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت رايونى قاتارلىقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە ناراتى داڭلىق مەنزىرە رايونى ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى بىرىنچى 3A دەرىجىلىك ساياھەت رايونى، ئۇ دۇنيادىكى تۆت چوڭ ئېگىز تاغ دەرياسى ۋادىسىدىكى ئوتلاقلاردىن بىرى.

1 : 650 000

# موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى




موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى، تېكەس دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا جايلاشقان، شەرقى تېكەس ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى باي ناھىيىسى، ئونسۇ ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربى قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شىمالى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ قارمىقىدا 1 بازار، 9 يېزا بار. پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەر مەيدانى 10455 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، نوپۇسى 150 مىڭ.

موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ ئۈچ تەرىپى ئېگىز تاغ بىلەن ئورالغان بولۇپ، ئوتتۇرا قىسمى شەرق تەرەپكە قاراپ قىيسايغان تېكەس ـ موڭغۇلكۈرە ئويمانلىقىدىن ئىبارەت. سۇ بايلىقلىرىدىن ئاساسلىقى تېكەس دەرياسى، مۇزارت دەرياسى قاتارلىق دەريا ۋە بۇلاق ـ ئېقىنلىرى بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، قوغۇشۇن، چىرىمتال، گەج، ياقۇت قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن بۈركۈت، قوڭۇر ئېيىق، بىلىس، سۇغۇر، جەرەن، تاغ تېكىسى قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن سومىگۈل، جاكالما، يەرپۇن، ئالقات، قار لەيلىسى، يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى، ئىسمى قاتارلىق 59 خىلى بار.

موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى سوغۇق مۆتىدىل بەلۋاغ يېرىم قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 3.3℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 492.2 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1245.1 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 96 كۈن.

موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى ئاتچىلىق قىلىنىدىغان ئاساسلىق رايون، تەۋەسىدە مۇزارت دۆلەت 1 ـ دەرىجىلىك پورتى بار. موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى ساياھەت بايلىقى جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، شات قەدىمىي يولى، شات قەدىمىي شەھىرى، بوما قەدىمىي شەھەر خارابىسى، موڭغۇل شەھەرچىسى، ئىسھەت بۇددا دىنى مۇقەددەس جاي شەلىپىياۋ ئىبادەتخانىسى، قەدىمكى موڭغۇلار ئويما تاش ئادىمى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورۇنلىرى ۋە مەنزىرىسى ئۆزگىچە بولغان ياللاغۇ بايلىقى، شات ئاراشىڭى، كۆردەنىڭ سۇ پەردە قارى، مۇزارت مۇزلۇقى، ئوتلاق تاش ئادىمى قاتارلىقلار بار.







1 : 500 000


# تېكەس ناھىيىسى

**تېكەس ناھىيىسى** تەڭرىتاغنىڭ غەربىي قىسمى، موڭغۇلكۈرە، تېكەس ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي بۆلىكىگە جايلاشقان. شەرقىي شىمالىي توققۇزتارا ناھىيىسى بىلەن، شەرقىي جەنۇبىي خېجىڭ ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبىي باي ناھىيىسى بىلەن، غەربىي موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى بىلەن، غەربىي شىمالىي چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ناھىيىنىڭ قارمىقىدا 1 بازار، 7 يېزا بار. پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەر مەيدانى 8067 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 150 مىڭ.

تېكەس ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس، جەنۇبىي قىسمى ئوتتۇرا تەڭرىتاغ، شىمالىي قىسمى ئۇسۇن تېغى، ئوتتۇرا قىسمى تېكەس دەرياسى ۋادىسىدىن ئىبارەت. سۇ بايلىقلىرىدىن تېكەس دەرياسى، كۆكسۇ دەرياسى، قورۇلداي دەرياسى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلىرىدىن ئالتۇن، مىس، نىكىل، ھاك تېشى، سېرپېنتىن، تاشپاختا قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن ئايغىر بۇغا، جەرەن، قوڭۇر ئېيىق، يىلپىز، تۈلكە، قىزىل لاچىن، قىلىۋىغا، جاغالماي قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن سېرىقگۈل، قىشنىم، بەرۇن، گۈلسەپسەر، كىرمىش، قار لەيلىسى قاتارلىقلار بار.


تېكەس ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ سۇب قۇرغاق كىلىماتقا تەۋە. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 5.8℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 383.9 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1370.8 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 132 كۈن.

تېكەس ناھىيىسى ئانتىبول قەلئەسى ئاتلىق قىلىدۇ. تېكەس ناھىيىسى ئېلىمىزدىكى بىردىنبىر مۇكەممەل ساقلانغان ھەم قۇرۇلۇشلىرى مۇنتىزىم بولغان بەشكەكىز سىمۋوللۇق رەم شەكلىدىكى شەھەر، ئۇ ئۆزگىچە سەككىز سىمۋوللۇق قۇرۇلۇشلىرى ۋە مول ھەم چوڭقۇر مەنىلىك سەككىز سىمۋوللۇق پالنامە مەدەنىيىتى بىلەن دۇنياغا داڭلىق. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تارىخىي مەدەنىيەت مەشھۇر شەھىرى. تېكەس ناھىيىسىدە يەنە غەربىي تەڭرىتاغ دۆلەت تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، قارا جىيغا تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، قىسقا غارى دۆلەت ئورمان باغچىسى ھەمدە جانلىق ئېگىز تاغ كۆلى، تېكەس دەرياسى ئىسرائەت تارىلى قاتارلىقلار بار.




1 : 430 000

# نىلقا ناھىيىسى







**نىلقا ناھىيىسى** شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئوتتۇرا ئەگىزلىكتە، غەربىي يۈكسەكلىكنىڭ جەنۇبىي ئېتىكى، ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا جايلاشقان. شەرقىي خېجىڭ ناھىيىسى، ساۋەن ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبىي كۈنەس، توققۇزتارا ناھىيىلىرى بىلەن، غەربىي غۇلجا ناھىيىسى بىلەن، شىمالىي شىخو شەھىرى، جىڭ ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. نىلقا ناھىيىسىنىڭ قارىمىقىدا 1 بازار، 11 يېزا بار. پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەر مەيدانى 10121 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 150 مىڭ.

نىلقا ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالى ئېگىز، غەربىي جەنۇبى پەس، شەرقتىن غەربكە قاراپ قىيسايغان تار ئۇزۇن ۋادى بولۇپ، ئوتتۇرىسى قاش دەرياسى ۋادىسى. سۇ بايلىقلىرىدىن قاش دەرياسى، كۈنەس دەرياسى قاتارلىق سۇ مەنبەسى بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، تالق، مىس، قوغۇشۇن، مانگان، سۈرمە، ئۇران، ئالتۇن، گەج، مەرمەر، بارىت، كۆكتاش، ئەينەكتاش، ھاك تېشى قاتارلىق 30 نەچچە خىلى بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن بىلىك، تاغ تېكىسى، بۆركۈت، ساقاللىق بۆركۈت، ئاق بەلكە بۆركۈت، ئالا قۇيرۇق بۆركۈت قاتارلىقلار بار. ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن سىمان، سوغىچاق، چامغۇر، بېدە، قارىقات، قاتارلىقلار بار.

نىلقا ناھىيىسى كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقلىق ئىقلىمغا تەۋە. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 6.2℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 377.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1389.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 117 كۈن.

نىلقا ناھىيىسى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ناھىيە. شىنجاڭ ئىلى ئېتى، شىنجاڭ قوڭۇر كالىسى، شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى قاتارلىقلار داڭلىق ھايۋانلاردىن ھېسابلىنىدۇ. نىلقا ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى قولايلىق، ئۆلكە ئاتۇيولىدىن 315-لىنىيە شەرقتىن غەربكە قاراپ كېسىپ ئۆتىدۇ، شەرقىي دۆلەت ئاتۇيولىدىن 217-لىنىيە بىلەن، غەربىي دۆلەت ئاتۇيولىدىن 218-لىنىيە بىلەن تۇتىشىدۇ. نىلقا ناھىيىسىنىڭ ساياھەت بايلىقى ناھايىتى مول بولۇپ، ئالاھىدە دۆلەت ئورمان باغچىسى، جەرەنتاي سىلغىسى مەنزىرە رايونى، قاش دەرياسى ساياھەت مەنزىرە رايونى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئالىيلى يۇر چىراغلىق مەنزىرە رايونىنى مەركەز قىلغان ئالاھىدە ساياھەت دائىرىسى شەكىللەندۈرگەن. بۇ يەردە خۇددى يېشىل پايانداز ئوتلاقلار، تېز ئاقىدىغان دەريا-ئېقىنلار، بۇلاق، بارلىق ئورمانلار، ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم ئېگىز تاغ مۇزلۇقلىرى، ئىللىق ۋە راھەت ئارىشاڭلار، بەھەيۋەت مىللىي ئۆرپ-ئادەتلەر بار.

# تارباغاتاي ۋىلايىتى




[illegible]





# ئارباغاتاي ۋىلايىتى مەمۇرىي رايونلىرى









1 : 1 600 000

# ئارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى









1 : 1 600 000

# چۆچەك شەھىرى

**چۆچەك شەھىرى** چۆچەك-دۆربىلجىن ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتى، تارباغاتاي ئېتىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. شەرقتە دۆربىلجىن ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبتا چاغانتوقاي ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەرب ۋە شىمال تەرىپى قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. چۆچەك شەھىرى تارباغاتاي ۋىلايىتى مەمۇرىي مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق ئورۇن بولۇپ، قارمىقىدا 3 كوچا باشقارمىسى، 1 بازار، 5 يېزا بار. شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى شەھەر رايونىنىڭ شەرقىي كوچىسىغا جايلاشقان. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 4010 كۋادرات كىلومېتىر، 2003-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 156 مىڭ 900 بولۇپ، ئاساسلىقى خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر بار.

چۆچەك شەھىرىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى شىمالىي ئېگىز، جەنۇبىي پەس بولۇپ، شىمالىي قىسمى تارباغاتاي تاغلىق رايونى، ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي قىسمى سىرلار ئېقىنى ۋە دۆربىلجىن دەرياسى ئېقىن ئىنشا تۈزلەڭلىكى. سۇ بايلىقىدىن قاراگۈز دەرياسى، ئېمىل دەرياسى قاتارلىق ئېقىن ۋە بۇلاقلىرى بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان مىنېرال بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، ئالتۇن، تۆمۈر، مەرمەر قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن جەرەن، قوڭۇر ئېيىق، جەرەن قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن سوغىگۈل، چاكاندا، جۇغلۇق قاتارلىقلار بار. چۆچەك شەھىرى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقلىق قۇرۇقلۇق كىلىماتىغا تەۋە، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 7.1℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 282.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1711.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 145 كۈن.


چۆچەك شەھىرى تارباغاتاي-دۆربىلجىن ئويمانلىقىنىڭ قاتناش مەركىزىگە جايلاشقان، جۇغراپىيىلىك ئورنى ئەۋزەل، قاتنىشى قولايلىق، ئۆلكە يولى 221-لىنىيىسى ۋە ئۆلكە يولى 222-لىنىيىسى شەھەرنى ئوتتۇرىسىدا كېسىپ ئۆتىدۇ. چۆچەك شەھىرى تەۋەلىكىدىكى باختۇ دۆلەت 1-دەرىجىلىك پورتى شىنجاڭنىڭ قازاقىستان بىلەن سودا ئالاقىسى قىلىدىغان مۇھىم پورتلىرىدىن بىرى. چۆچەك شەھىرىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى گۈزەل، قۇشتۇناي ئوتلىقى، ۋىيىرىشتەن ئىبەي تاغلىقى سەيلىسى قاتارلىقلار بار.



**شىخو شەھىرى** تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇب چېتىگە جايلاشقان، شەرقتە قاراماي شەھىرى، كۈيتۇن شەھىرى، ساۋەن ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبتا نىلقا ناھىيىسى، غەربتە جىڭ ناھىيىسى بىلەن، شىمالدا تولى ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شىخو شەھىرىنىڭ قارمىقىدا 5 كوچا باشقارمىسى، 10 بازار، 7 يېزا بار، پۈتۈن شەھەرنىڭ يەر مەيدانى 14392 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 200 مىڭ.

شىخو شەھىرىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس، جەنۇبىي قىسمى تەڭرىتېغىنىڭ ئارىلىق ئېگىزلىكى ئېرەنقابىرغا ئىبى، ئوتتۇرا قىسمى تاغ ئېتىكى ئىبىن ئىنىا بوستانلىق تۈزلەڭلىك، شىمالىي قىسمى گۈربانتۇڭگۇت قۇملۇقىدىن ئىبارەت. سۇ بايلىقىدىن كۈيتۇن دەرياسى، جىڭگىتوۋ دەرياسى، گۈزەت دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، تۆمۈر، كىرېك ئالتۇن، نېفىت، قوغۇشۇن، سۈرمە تاش، ھاك تېشى، گەج، گرانىت قاتارلىقلار بار، ياۋايى ھايۋانلاردىن قوڭۇر ئېيىق، ئايغان بۇغا، جەرەن، يىلپىز، ئۇلار، سۇغۇر، سۇ يۇلغۇنى قاتارلىقلار بار، ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن قار لەيلىسى، سوغىچاق، چۈچۈكبۇيا، سۇراپ قاتارلىقلار بار. شىخو شەھىرى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقلىق قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 8.1℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 165.8 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1988.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 182 كۈن.

شىخو شەھىرى شىمالىي شىنجاڭدىكى مۇھىم قاتناش بوغۇمىغا جايلاشقان بولۇپ، قاتناشتا قولايلىق، دۆلەت يولى 312-لىنىيىسى ۋە شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولى شەرقتىن غەربكە قاراپ ئوتتۇرىسىدا كېسىپ ئۆتىدۇ، دۆلەت يولى 217-لىنىيىسى جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئۇزۇنىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. شىخو شەھىرىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ناھايىتى كۆپ، مەنزىرىسى گۈزەل، مەنزىرىلىك مەشھۇر جايلىرىدىن شىخو ئارىشىڭى، جەنۇبىي تاغ ئورمان باغچىسى، تۈلاسادىق ۋە ئۈيسۇن قەدىمىي قەبرىسى، شارسۈم لاما جايلىرى قاتارلىقلار بار.



1 : 600 000


# دۆربىلجىن ناھىيىسى




**دۆربىلجىن ناھىيىسى** جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال چېتى، تارباغاتاي-دۆربىلجىن ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان، شەرقى قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبى تولى ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربى چۆچەك شەھىرى، چاغانتوقاي ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالى قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. دۆربىلجىن ناھىيىسى قارمىقىدا 1 بازار، 10 يېزا بار. پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەر مەيدانى 9092 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 190 مىڭ.

دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ يانتۇ بولۇپ، ئۈچ تەرىپى تاغ ئوراپ تۇرىدۇ، مەركىزىي قىسمى پەس ھەم تۈز. سۇ بايلىقىدىن دۆربىلجىن دەرياسى، ماڭغاينىڭ دەرياسى، ئامىول دەرياسى قاتارلىق دەريا-ئېقىنلىرى بار. بايقالغان ۋە زاپاسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، ھاك تاش، كالىيلىق تۇز، گەج، كېمەك ئالتۇن، مەرمەر، گرانىت قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن بۆرە، ئايغىر، بۇغا، جەرەن، ئارقار، قوڭۇر ئېيىق، تۈلكە، قاما، سۆسەر قاتارلىقلار، بالا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن سوڭگۇل، چۇچۇكبويا، بەرۇڭ، چاكاندا، سۆراپ، ئالقات قاتارلىقلار بار. دۆربىلجىن ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقلىق قۇرۇقلۇق ئىقلىمىغا تەۋە، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 6.5℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 274.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1939.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 148 كۈن.

دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ قاتناشى قولايلىق، ئۆلكە يولى 221-لىنىيىسى ۋە ئۆلكە يولى 318-لىنىيىسى پۈتۈن ناھىيىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. شەھەر قۇرۇلۇشى دەسلەپكى قەدەمدە كۆلەملەشكەن، ئىككى قاساتنىڭ قۇرۇلۇش ئامايىشى رەڭلىك بولۇپ، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە، مەنزىرىسى گۈزەل بولۇپ، ھاۋاسى يېقىملىق، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆپ. ساياھەت نۇقتىلىرىدىن قارا ئېمىل ئورمانچىلىق مەيدانى، ئىنگى بوۋ كۆلى، مىنگۇلاق چارۋىچىلىق مەيدانى، قەدىمكى مۇنىرى، قارا ئېمىل قىيا تاش سىزمىلىرى قاتارلىقلار بار.







**ساۋەن ناھىيىسى** ئەگرىنبەشنىڭ شىمالىي ئېتىكى، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقتە شىخەنزە شەھىرى، ماناس ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبتا خېجىڭ ناھىيىسى، نىلقا ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربتە شىخۇ شەھىرى، كۈيتۇن شەھىرى، قاراماي شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. شىمالدا قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ساۋەن ناھىيىسىنىڭ قارىمىقىدا 9 بازار، 3 يېزا بار. پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەر مەيدانى 12468 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 200 مىڭ.

ساۋەن ناھىيىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى جەنۇبىي ئېگىز، شىمالىي پەس بولۇپ، جەنۇبىي قىسمى ئەگرىنبەشنىڭ تارماق تىزمىسى ئىرېنقابىرغا تېغى، ئوتتۇرا قىسمى تاغ ئېتىكى كەتكۈن، ئېقىن ئىنما يوسۇنلۇق تۈزلەڭلىك، شىمالىي قىسمى گۇربانتۇڭغۇت قۇملۇقىدىن ئىبارەت. تۈزلەڭلىك، بۇ ناھىيە دۆلەتنىڭ ئاشلىق، پاختا بازىسى ناھىيىسى ۋە ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىك ئۈلگە كۆرسىتىش ناھىيىسى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. سۇ بايلىقلىرىدىن ماناس دەرياسى، سەنچاجى دەرياسى، قۇرغان دەرياسى، دالىنگو دەرياسى ۋە يەنە نەچچە سۇ ئامبىرى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، نېفىت، ھاك تېشى، قاتارلىقلار بار. قوڭغۇر ئېيىق قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن سوغۇكۇل، ئادەمگىياھ قاتارلىقلار بار.

ساۋەن ناھىيىسىنىڭ كىلىماتى قۇرغاق ھەمدە ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق قۇرغاق ئىقلىمى ۋە ۋېرتىكال كىلىمات ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 7.6℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 191.2 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2118.1 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروۋسىز مەزگىلى 174 كۈن.

ساۋەن ناھىيىسى شىمالىي شىنجاڭنىڭ مۇھىم تۈگۈنى، قاتناش ئەۋزەللىكى ئايان. ئۈرۈمچى - كۈيتۇن يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى، دۆلەت يولى 312 - لىنىيە ۋە شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى شەرقتىن غەربكە توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۆلكە يولى 101 - لىنىيە، ئۆلكە يولى 201 - لىنىيە، ئۆلكە يولى 219 - لىنىيە، ئۆلكە يولى 223 - لىنىيە، ئۆلكە يولى 224 - لىنىيە، ئۆلكە يولى 312 - لىنىيە پۈتۈن ناھىيىنى ئۇزۇنىسىغا ۋە توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ.

ساۋەن ناھىيىسىدە ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن مەدەنىيەت ئورمان باغچىسى، ئازىلال ساناتورىيىسى، ئۇماۋۇزۇن، شۇاڭلوڭگو، مۇگۇداباگ، سەنچاجى دەرياسى، چېچەكچىچەك، ئالتۇن دېڭىز ساياھەت - شىكار ئارامگاھى، موڭغۇل يۇرتلىرى قاتارلىقلار بار.

1 : 550 000

# تولى ناھىيىسى


تولى ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، شەرقتە قاراماي شەھىرى بىلەن، جەنۇبىدا شىخو شەھىرى، جىڭ ناھىيىسى، بورتالا شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربتە چاغانتوقاي ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالدا دۆربىلجىن ناھىيىسى، قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي جەنۇبىدا قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. تولى ناھىيىسى قارمىقىدا 3 بازار، 4 يېزا بار. پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەر مەيدانى 19982 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 90 مىڭ.

تولى ناھىيىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئوتتۇرا قىسمى ئېگىز، جەنۇبى پەس، مايلى، جايىر، بارلىق تېغى ناھىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا جايلاشقان. سۇ بايلىقىدىن ئاياغۇز دەرياسى، ئۆرشۈنت دەرياسى، شالغاي دەرياسى، سۆۋىر دەرياسى قاتارلىق ئېقىنلار بار. بايقالغان ۋە زاپاسى ئېنىقلانغان مىنېرال بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، ئالتۇن، خروم، تۆمۈر، گرانىت ۋە ھاكتاش قاتارلىق 39 خىلى بار، بۇنىڭ ئىچىدە گرانىتنىڭ 7 چوڭ تۈرى بولۇپ، 20 نەچچە رەڭدە چىقىدۇ. ياۋايى ھايۋانلاردىن بۆكەن، تاغ تېكىسى، ئارقار، جەرەن قاتارلىق 51 خىلى بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن سۇمبۇل، قاشقىر، چۆچۈككۈيا، زىرائۇيا، بادام قاتارلىق 100 نەچچە خىلى بار.

تولى ناھىيىسىنىڭ يەر شەكلى مۇرەككەپ، جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ كلىماتى پەرقى چوڭ بولۇپ، ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلباغ يېرىم قۇرغاق كلىماتقا تەۋە. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 5.3℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 233.1 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2091.7 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 146 كۈن.


تولى ناھىيىسىنىڭ قاتناشى قولايلىق، ناھىيە بىلەن يېزا بازارلىرى ھەممىسى تاشيول ئۆتۈشۈپ كەتكەن، دۆلەت يولى 201-، 221-، 317-لىنىيىلىرى ناھىيە تەۋەسىدە كېسىپ ئۆتىدۇ.

تولى ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى گۈزەل، ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن ياۋا ئەنئۇرگۈل ساياھەت-شىكار تاغ مەيدانى، ياسىنى ئورمانچىلىق مەيدانى، كەمسىي، قاراغاي ياشلىق قاتارلىقلار بار.



1 : 700 000

# چاغانتوقاي ناھىيىسى



**چاغانتوقاي ناھىيىسى** جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە، تارباغاتاي-دۆربىلجىن ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. شەرقتە تولى ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەرب ۋە جەنۇبىدا قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شىمالدا چۆچەك شەھىرى، دۆربىلجىن ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. چاغانتوقاي ناھىيىسىنىڭ قارىمىقىدا 1 بازار، 5 يېزا بار. پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەر مەيدانى 6090 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 50 مىڭ.

چاغانتوقاي ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبى ئېگىز، غەربىي شىمالى پەس بولۇپ، شىمالىي قىسمى دۆربىلجىن دەرياسى ئېقىن ئىنشا تۈزلەڭلىك رايونى، ئوتتۇرا قىسمى تاغ ئېتىكى كەلكۈن ئىنشا تۈزلەڭلىك رايونى، جەنۇبىي قىسمى بارلىق تاغلىق رايوندىن ئىبارەت. سۇ بايلىقىدىن ئامىنى دەرياسى، قاراتۇرا دەرياسى، ئېمىلكتى دەرياسى قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن بۆلىن، ئارقار، جەرەن، قوڭۇر ئېيىق، سۈلەيسۇن، ئايغان بۆغا، ياۋا چوشقا، تۈلكە قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلەردىن سوغىگۈل، يۇمران بۆغا مۈڭگۈزى، چاكاندا، يەرىۋون، چوچەكگۈلى، سۆرۈپ قاتارلىقلار بار. چاغانتوقاي ناھىيىسىدە دۇنياغا ئاتالغان دەپ ئاتىلىدىغان ياۋا بادام بار. چاغانتوقاي ناھىيىسى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقچىلىق قۇرغاق كېلىماتقا تەۋە، قىش پەسلى سوغۇق ۋە ئۇزۇن، ياز پەسلى ئىسسىق ۋە قىسقا بولىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 6.5℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 273 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1021 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 158 كۈن.

چاغانتوقاي ناھىيىسى ئاسىيا-ياۋروپا 2-چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ ئالتۇن دېلتا بەلۋېغى دەپ تەرىپلىنىدۇ، ئۆتكەل يولى 222-لىنىيىسى ۋە ئۆتكەل يولى 317-لىنىيىسى ناھىيىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. چاغانتوقاي ناھىيىسىنىڭ مەشھۇر ئاسارە-ئەتىقىلىرىدىن ئاسلى ساياھەت رايونى، سۇن ئۆگەن قەبرىسىنى قەدىرلىشى، بارەلۇق قىيا تاش سىزمىلىرى قاتارلىقلار بار. مەملىكەت بويىچە بىردىنبىر ياۋا بادام تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ناھىيە چېگرىسى ئىچىدىكى شىمالىي تەڭرىتاغ تىزمىلىرى بارلۇق ئېتەكلىرىدە بولۇپ، ئالقىنى قاپلىغان ياۋا بادامنىڭ ئامالىنى قىلىش قىممىتىگە ئىگە.


1 : 400 000

# قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى

**قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى** جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان، شەرقىي بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبى سانجى شەھىرى، ماناس ناھىيىسى، قۇتۇبى ناھىيىسى، ساۋەن ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي دۆربىلجىن ناھىيىسى، تولى ناھىيىسى، قاراماي شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالى جىمىنەي ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي شىمالى قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى قارمىقىدا 2 بازار، 5 يېزا بار، پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەر مەيدانى 28799 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 50 مىڭ.

قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى شىمالى قىسمى يەر ئېگىز، ئېدىرلىق، جەنۇبى قىسمى گوبىلىشىپ كەتكەن قۇملۇق، ئوتتۇرا قىسمى تاغ ئېتىكى ئېقىن ئىتما تۈزلەڭلىكى. سۇ بايلىقىدىن ئاقسۇ دەرياسى، قوبۇق دەرياسى، ماناس كۆلى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، نېفىت، بېنتونىت، تۇز، ھاك تاش، گۆڭگۈرت، ئالتۇن قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن بۆرە، جەرەن، سېغىر قاتارلىقلار بار. يەنە دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن سۆسگۈل، چوچۇكبويا، كەندىر، سۆۋاپ، يەرپىلى، بۆۋىلە قاتارلىقلار بار. قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى مۆتىدىل بەلباغ قۇرغاق ئىقلىمىغا تەۋە، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 3.8℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 136.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1909.1 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 136 كۈن.

قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى ئىچىدە يولى 318-لىنىيىسى شەرقتىن غەربكە ئوتتۇرىسىدا كېسىپ ئۆتىدۇ، دۆلەت يولى 217-لىنىيىسى جەنۇبتىن شىمالغا ئوتتۇرىسىدا كېسىپ ئۆتىدۇ. تاغ-دەريالىرى گۈزەل بولۇپ، جارجاپتۇ ئېكولوگىيە مەنزىرە رايونى، قۇرۇس جاست ئۆزۈك ئېكسپېدىتسىيە ساياھەت رايونى، موڭغۇل ئالىتىنلىك ساياھەت رايونى ھەمدە قىيا تاش سىزمىلىرى، جالسارلار تاش ئۆي، تاش كىشىسى قەبرىلىرى قاتارلىقلار بار.




# ئالتاي ۋىلايىتى





# چۆچەك شەھەر رايونى













# ئالتاي ۋىلايىتى مەمۇرىي رايونلىرى



# ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى





1 : 1 650 000

**ئالتاي شەھىرى** «ئالتۇن شەھىرى» دېمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقىي ۋە جەنۇبىي بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى بىلەن، غەربىي بۇرچىن ناھىيىسى، جېمىنەي ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالىي موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئالتاي شەھىرىگە 3 كوچا باشقارمىسى، 3 بازار، 3 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 10840 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 220 مىڭ.

ئالتاي شەھىرىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ يانتۇ بولۇپ، شىمالىي قىسمى ئالتاي تاغلىق رايونى، ئوتتۇرا قىسمى ئېدىرلىق، ئويمانلىق، جەنۇبىي قىسمى ئېرتىش دەرياسى ئېقىن ئىسما تۈزلەڭلىكى. سۇ بايلىقىدىن ئېرتىش دەرياسى قاتارلىق ئۈچ چوڭ سۇ سىستېمىسى ۋە بۇلاقلار، چوڭ-كىچىك ئۆستەڭلەر بار. مىنېرال بايلىقلىرىدىن ئالتۇن، تۆمۈر، مىس، ئاق چىرمىتال، كۆۋرۈك قۇم قاتارلىقلار بولۇپ، سېرىق ئالتۇن، ياقۇت قاتارلىقلار مۇھىم مىنېرال بايلىقلىرى ھېسابلىنىدۇ. ياۋايى ھايۋانلاردىن قارا بۇغا، قوڭۇر ئېيىق، ئالمان بۇغا، ئارقار، ئالا قۇيرۇق بۈركۈت قاتارلىقلار بار. ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن قوزۇق، جاڭگال، قىزىل جىگدە، قۇلۇپنات، بەرىق، سوغۇكۆل قاتارلىقلار بار. ئالتاي شەھىرى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 4.5℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 191.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1682.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 146 كۈن.

ئالتاي شەھىرى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ قاتناش مەركىزى بولۇپ، قاتناش قولايلىق، دۆلەت يولىنىڭ 216-، 217-لىنىيىلىرى شەھەر رايونىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. مەركىزى شەھەر ئۈرۈمچىگە قاتنايدىغان قەرەللىك ئۇچقۇچى ئايروپىلانى بار. ئالتاي شەھىرىنىڭ ساياھەت بايلىقى مول ھەم ئۆزگىچە بولۇپ، قىيىنلىق باغچىسى، شاۋدۇڭگۇ ئورمان باغچىسى، تالالىق ئۆڭى، شەھەرنىڭ ئالتى ئاتىسى ۋە ئالتى گۈزەلنىڭ قەبرىلىرى، غەربىي دىيار مەدەنىيەت ئۇسلۇبىدا ئىنگە ساياھەت مەنزىرىسى شەكىللەندۈرگەن.








1 : 500 000

# بۇرچىن ناھىيىسى



**بۇرچىن ناھىيىسى** ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقى ئالتاي شەھىرى بىلەن، جەنۇبى جېمىنەي ناھىيىسى بىلەن، غەربىي قابا ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالى روسىيە، موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. بۇرچىن ناھىيىسىگە 1 بازار، 6 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 10362 كىۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 60 مىڭ.


بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا قىيپاش بولۇپ، شىمالىي قىسمى ئالتاي تاغلىق رايونى، ئوتتۇرا قىسمى ئېرتىش دەرياسى ئېقىن ئىسما تۈزلەڭلىكى، جەنۇبىي قىسمى بېرىم قاقاسلىق يەنى تاغلىق رايون. سۇ بايلىقىدىن قاناس كۆلى، ئېرتىش دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان يەر زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن قوغۇشۇن، سىنك، مىس قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن بۇغا، سۈلەيسۈن قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن قۇرتقۇت، قىزىل مېھرىگىياھ قاتارلىقلار بار.

بۇرچىن ناھىيىسى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقلىق ئىسسىقلىقى سوغۇق ئىقلىم رايونىغا كىرىدىغان بولۇپ، قىش پەسلى ئۇزۇن، ئەتىياز پەسلى شالغۇت، ياز پەسلى قىسقا، قۇرۇق ئىسسىق، كۈز پەسلى سالقىن، ئەتىگىنى قىروۋلۇق بولىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 4.6℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 139.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1679.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 129 كۈن.

بۇرچىن ناھىيىسى قاناس كۆلى بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى-سىرتىغا داڭقى چىقارغان بولۇپ، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ غەربىدىكى ئۈچ ناھىيىنىڭ قاتناش مەركىزى. ساياھەت بايلىقى مول ھەم تۈرلۈك. شىمالدا تۈنجى بەش چوڭ مەنزىرىلىك جاينىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدىغان، «ئىنسانلار ئۆتەشلىرىدىكى مەنزىرىسى» دېگەن نامى بولغان قاناس كۆلى مەنزىرە رايونى بولۇپلا قالماي، يەنە كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تۇرمۇشى مەدەنىيىتى قالدۇرۇپ كەتكەن تاش ئادەم، قىيا تاش سىزمىلىرى، قەدىمىي قەبرە قاتارلىقلارنى ۋەكىل قىلغان ئونلاپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بار. تەبىئىي مەنزىرە ۋە ئونلاپ مەدەنىيەتتى كىشىنى ئۆزىگە تولىمۇ جەلپ قىلىدۇ.

1 : 550 000

# كۆكتوقاي ناھىيىسى







**كۆكتوقاي ناھىيىسى** «نەمىشى يايلاق ماكانى» دېگەن نامى بىلەن داڭق چىقارغان بولۇپ، ئالتاي ئىچىدىكى جەنۇبى تەرىپىگە، موڭغۇل ئېلى بىلەن شىمالى چېگرىسى تۇتىشىدىغان، شەرقى چىڭگىل ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى جىمسار ناھىيىسى، گۇچۇڭ ناھىيىسى بىلەن، غەربى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شىمالى موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. كۆكتوقاي ناھىيىسىگە 3 بازار، 6 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 32237 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 80 مىڭ.

كۆكتوقاي ناھىيىسى شىمالدىن جەنۇبقا قىيپاش بولۇپ، شىمالى قىسمى ئالتاي تاغلىق رايونى، ئوتتۇرا قىسمى ئېرتىش دەرياسى، ئۇلۇڭگۇر دەرياسى ئېقىن ئىنىما تۈزلەڭلىكى، جەنۇبىي قىسمى گۇربانتۇڭگۇت قۇملۇقى. بۇ بايلىقىدىن ئېرتىش دەرياسى، ئۇلۇڭگۇر دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئىسپاتلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن نىكېل، كالىي، شىپالىق قاتارلىقلار بار. مۇھىم بوستانلىق ئالدىنقى ئون قاتارغا ئۆرلىگەنلەردىن نىكېل، سېرىق لىنتى، يالاما، ئېللىق قاتارلىقلار بولۇپ، «نەمىشى قېزىلما بايلىق كۆرگەزمىخانىسى» دېگەن نامى بار. داڭلىق ھايۋانلاردىن بىلمۇ، تاغ ئۆچكىسى، ئىۋچى لاچىن قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن تاغ ئەلىسى، ئەنجۇدان، چوجوكىيا قاتارلىقلار بار.


كۆكتوقاي ناھىيىسى قۇرغاقلىق ئىسسىق مۆتىدىل بەلۋاغ ئىقلىم رايونىغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 3.0°C، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 189.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1974.1 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 122 كۈن.

كۆكتوقاي ناھىيىسى شىنجاڭدىكى مۇھىم چارۋىچىلىق ۋە كانچىلىق بازىسى. مۇھىم يولى 216-ئىنشا، تۆتكە بولىدىغان 226-، 320-ئىنشالىرى ناھىيە ئىچىدە قاتناش تورى شەكىللەندۈرگەن.

كۆكتوقاي ناھىيىسىدە ساياھەت بايلىقى مول ھەم ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ، جەنۇبتا قارامايلى ئىچى ئۇيغۇرلار ئەنشى مۇھاپىزەت رايونى، ئالاھىدە قىلغان ھالدا، جاقۇرت گىيتو باغچىسى، رەڭدار قوتۇق، قۇم ساداسى ئىچى، سىلىنسلانغان دېرەخ قاتارلىقلار بار. شىمالدا ئالتاي ئىچى شەكلى دەريا مەنبەسى ئەنشى مۇھاپىزەت رايونى ئالاھىدە قىلغان ھالدا، شىنجوڭشەن ئورمان باغچىسى، ئالتاي تاش ئۆڭكۈر قىيا تاش سىزمىلىرى قاتارلىقلار بار.

1 : 900 000

# بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى









**بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى** جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە، ئېرتىش دەرياسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان. شەرقى كۆكتوقاي ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبىي سانجى شەھىرى، مىچۈەن شەھىرى، فۇكاڭ شەھىرى بىلەن، غەربىي قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى، جېمىنەي ناھىيىسى بىلەن، شىمالىي ئالتاي شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، شەرقىي شىمالى موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىگە 1 بازار، 5 يېزا قارايدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 33273 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 70 مىڭ.

بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى شىمالدىن جەنۇبقا قىيپاش بولۇپ، شىمالىي قىسمى ئالتاي تاغلىق رايونى، ئوتتۇرا قىسمى ئېدىر ئىسما تۈزلەڭلىكى، جەنۇبىي قىسمى گۇربانتۇڭگۇت قۇملۇقى. سۇ بايلىقىدىن ئېرتىش دەرياسى، ئۇلۇڭگۇر دەرياسىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ سۇ سىستېمىسى ۋە ئۇلۇڭگۇر كۆلى، بۇرۇلتوقاي سۇ ئامبىرى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن سېرىق ئالتۇن، ياقۇت، قاشتېشى، مىس، ئۆزۈر، ماگنات، سىيۇدۇن، نېفىت قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن بۇغا، ئېيىق، تايغان، تۇغا، بۈركۈت قاتارلىقلار بار. يەنە ھەرا ئۆسۈملۈكلىرىدىن يۇپۇرماقلار، قىلتىپىر، سۇزاپ، سومگۇل قاتارلىقلار بار. بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا كىرىدىغان بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 4.2℃. يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 121.9 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1820.1 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىرۇسىز مەزگىلى 152 كۈن.


بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىدە قاتناش قولايلىق بولۇپ، دۆلەت يولى 216-لىنىيىسى ناھىيىنى شەرقتىن غەربكە قاراپ كېسىپ ئۆتىدۇ ھەمدە ئۆلكە يولى 318-لىنىيىسى بىلەن كېسىشىپ تەڭلىكتە كېسىشىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدىكى قىزىلتاغ ئېغىزى دۆلەت 1-دەرىجىلىك پورتى موڭغۇلىيە بىلەن سودا ئالاقىسى قىلات يەتكۈزىدىغان مۇھىم يولدۇر. بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتلىرى بېلىقى كۆپ بولۇپ، ئۇلۇڭگۇر كۆلى ئالتۇن قىزىل، خالۇس بېلىقى، كىيىنەك سالغىسى، ئالىسقانى جۇۋا سەلغىسى، ئاراشان تەمشى مۇھاپىزەت رايونى قاتارلىقلار بار. ئاراشاندا جۇۋا، كىچىك بۇلاقلاردىن 17 سى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئارشاڭ كۆلمىگە ئىسسىق دەرىجىلىك ئارشاڭلاردىن ئوت ئارشاڭ، قىزىل ئارشاڭ، سۈت ئارشاڭ، سوغۇق ئارشاڭ قاتارلىقلار بار. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاسلىقى ئالاھىدە ئارشاڭلارغا ئارا مال كەلگەن، يەنى ئوت ئارشاڭنىڭ سۈيى قىزىق، قىزىل ئارشاڭ خۇددى قاندەك قىزىل، سۈت ئارشاڭ خۇددى سۈتتەك، سوغۇق ئارشاڭنىڭ سۇ تېمپېراتۇرىسى ئىسسىقلىقى ئېرىمەن بولىدۇ.




**قابا ناھىيىسى** ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان، شەرقى بۇرچىن ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى جېمىنەي ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەرب، شىماللىرى قازاقىستان، روسىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. قابا ناھىيىسىگە 1 بازار، 6 يېزا قارايدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 8179 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 80 مىڭ.

قابا ناھىيىسىنىڭ شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس بولۇپ، شىمالىي قىسمى ئالتاي تاغلىق رايونى، ئوتتۇرا قىسمى ئېدىرلىق، جەنۇبىي قىسمى ئېقىن تىنما تۈزلەڭلىكى. بۇ ناھىيىدىن ئېرتىش دەرياسى، قابا دەرياسى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلىرىدىن تۆمۈر، مانگان، مىس، ئالتۇن، كۈمۈش، قوغۇشۇن، سىنك قاتارلىقلار بار. ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئېدىرلىق رايونى دۆلىتىمىزدىكى مۇھىم رەڭلىك مېتال رايونى رايونلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ياۋايى ھايۋانلاردىن قوڭۇر ئېيىق، تايغان بۇغا، قارلىغۇچقۇن قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن چۈچۈكبۇيا، كەكرە، جاڭگاڭ، قۇرتقۇت قاتارلىق 200 دىن ئارتۇق تۈرى بار. تەبىئىي بېلىق تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئارىسىدىكى سىبىرىيە ئۆستۈر بېلىقى، جوڭگا قىزىل بېلىقى، كىچىك قىزىل بېلىق قاتارلىقلار ئېرتىش دەرياسىدىكى داڭلىق بېلىق تۈرلىرى ھېسابلىنىدۇ. قابا ناھىيىسى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقلىق ئىچىدىكى سوغۇق ئىقلىم رايونىغا كىرىدىغان بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 4.9℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 184.8 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2010.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 137 كۈن.

قابا ناھىيىدە ئاتىيول قاتناش ئەلىلى قىلىنىدىغان بولۇپ، ئالاھىدە دۆلەت 1-دەرىجىلىك پورتى تەسىس قىلىنغان. قابا ناھىيىسىنىڭ ساياھەت بايلىقى ئالاھىدە مول جايلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ يەرنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسىگە ياۋروپا-ئاسىيا ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي ئۇسلۇب سىڭىپ كەتكەن. ئارس بايلىقى، سىبىرىيە تايگا ئورمانلىقى قاتارلىق ساياھەت ئورۇنلىرىنىڭ ئوت-چۆپلىرى يۇقۇق، مەنزىرىسى جەلپكار. ئاق قابا دۆلەت ئورمان باغچىسىدا غەربىي شىمال بويىچە ئەڭ چوڭ بولغان ئاق قېيىنلىق تەبىئىي ئورمان بەلبېغى بار.








**چىڭگىل ناھىيىسى** ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقىي موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ، جەنۇبى گۈچۈڭ ناھىيىسى بىلەن، غەربى كۆكتوقاي ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. چىڭگىل ناھىيىسىگە 2 بازار، 5 يېزا قارايدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 15722 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 50 مىڭ.

چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالى ئېگىز، غەربىي جەنۇبى پەس بولۇپ، شىمالىي قىسمى ئالتاي تاغ رايونى، ئوتتۇرا قىسمى تاغ ئارىسى ئويمانلىقى، جەنۇبىي قىسمى ئېدىرلىق ۋە چۆللۈك. سۇ بايلىقىدىن چوڭ چىڭگىل دەرياسى، كىچىك چىڭگىل دەرياسى، بۇلغۇن دەرياسى، ئۇلۇڭگۇر دەرياسى قاتارلىق سۇ مەنبەلىرى بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن ئالتۇن، كۆمۈش، مىس، تۆمۈر، سىنك، چېرسىتال، لىتىي، نىيوبىي، بېرىللىي قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن قوڭغۇر، قارا بۆكەن، ئارغالى، بۇغا، قوڭغۇر ئېيىق، سىلېر قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن تاغ لەيلىسى، جاكاڭدا، چوچۇقكېھيا، قاتتىقچېر، سۈزاپ، كەشىرە، قوزىتوت، ئەمچەكئوت قاتارلىقلار بار.

چىڭگىل ناھىيىسى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقلىق ئىقلىمىدىكى سوغۇق قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا كىرىدىغان بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 0.7℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 170.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1397.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 83 كۈن.

چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ تاشيوللىرى ھەر تەرەپكە تۇتاشقان بولۇپ، ئۆلكە يولىنىڭ 228 ـ، 320 ـ لىنىيىلىرى ناھىيىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدىكى تاكشىكىن دۆلەت 1 ـ دەرىجىلىك پورتى موڭغۇلىيە بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىنى قانات يايدۇرۇشتىكى مۇھىم يول ھېسابلىنىدۇ. چىڭگىل ناھىيىسىدە تاغلىرى ئېگىز، سۇلىرى سۈزۈك بولۇپ، مەنزىرىسى كىشىنى سۆيۈندۈرىدۇ. دەريا ۋادىسى بويلاپ ئاق قېيىنلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، قەدىمىي قارىغايلىرى پەلەككە تاقاشقان. ئېگىز تاغ باغرىدىكى ئوت-چۆپلىرى بۈك، ھاۋاسى ساپ بولۇپ، تەبىئىي گۈزەل يازلىق ساياھەت جايى ھېسابلىنىدۇ. دۇنيا بويىچە ئەتىۋارلىق ھايۋان ھېسابلىنىدىغان قۇندۇز بۇلغۇن دەرياسى ۋادىسىدا ماكانلاشقان بولۇپ، بۇ مەملىكەت بويىچە بىردىنبىر قۇندۇز تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ھېسابلىنىدۇ. ھەيۋەتلىك يەر تەۋرەش ئۆزۈلمە بەلبىغى، مۇنۇكلىتىش ئىبى ۋە سانداۋخېزى قەدىمىي قەبرىستانلىقى، بۇغا تاش قاتارلىق تەبىئىي ۋە ئانتروپولوگىيىلىك مەنزىرە ئورۇنلىرى كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ.


1 : 700 000

# جېمنەي ناھىيىسى

**جېمنەي ناھىيىسى** جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە، ساۋۇر تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، ئېرتىش دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان. شەرقىي ئالتاي شەھىرى، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبىي قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن، شىمالىي بۇرچىن ناھىيىسى، قابا ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. جېمنەي ناھىيىسىگە 2 بازار، 5 يېزا قارايدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 7181 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 40 مىڭ.

جېمنەي ناھىيىسى جەنۇبىدىن شىمالغا قىيپاش بولۇپ، جەنۇبىي قىسمى ساۋۇر تېغى، ئوتتۇرا قىسمى كەلكۈن-ئېقىن تىنما ئويمانلىقى، غەربىي شىمالىي قىسمى قۇملۇق. سۇ بايلىقىدىن ئاستى دەرياسى، ئۈتۈپلاق دەرياسى، ئۈلكەن ئۇلاست دەرياسى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، ئالتۇن، مىس، تۆمۈر، كۋارتس قۇم، ئاق تۇپا قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن بۆرە، قارابۇغداي، ئاق لەيلەك، سۈلۈن قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن چۈچۈكبۇيا، سوغۇكۆل، سۆزاپ، شاقاقول، يالغۇز يوپۇرماق ئوتى قاتارلىقلار بار. جېمنەي ناھىيىسى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقلىق ئىسسىق سوغۇق قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا كىرىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 4.2℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 202.8 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2140.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 150 كۈن.

جېمنەي ناھىيىسىدە تاشيول قاتنىشى ئاساس قىلىنغان بولۇپ، ئۆلكە يولى 229-، 319-لىنىيىلىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا دۆلەت يولى 217-لىنىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدىكى جېمنەي دۆلەت 1-دەرىجىلىك پورتى قازاقىستان بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى قاتناش پايدىلىقتىكى مۇھىم يول ھېسابلىنىدۇ. جېمنەي ناھىيىسىنىڭ مەنزىرىسى گۈزەل، ئوتلاق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆپ بولۇپ، دۆلەت پورت قورۇقى، چېگرا دەريا، چېگرا كۆۋرۈك، چېگرا تاش ئاساسىدىكى ساياھەت تۈرى ئاساسىدا، بېيتاۋ ئېكولوگىيە ساياھەت رايونى، مۇزتاغ مۇزلۇقى ساياھەت رايونى ۋە باشقىلار مۇكەممەل بەرپا قىلىندى.







# ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق
# ناھىيە دەرىجىلىك مەمۇرىي رايونلار



## ئالتاي شەھەر رايونى










**شىخەنزە شەھىرى** تەڭرىتېغى شىمالى ئېتىكىدىكى ئوتتۇرا بۆلىكى، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقىي ماناس ناھىيىسى بىلەن، غەرب، جەنۇب، شىمالى ساۋەن ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شىخەنزە شەھىرى ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ئىگىلىك 8-شىسىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى، قارمىقىدا 5 كوچا باشقارمىسى، 1 بازار، 1 يېزا بار. شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى شەھەر رايونىنىڭ شىمالى 3-يولىدا ئورۇنلاشقان. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 460 كۋادرات كىلومېتىر، 2003-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 662 مىڭ 700 بولۇپ، ئاساسلىقى خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر بار.

شىخەنزە شەھىرىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى تەكشى، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئاز ۋە تۆۋەن بولۇشتەك ھالەت شەكىللەنگەن. سۇ بايلىقلىرىدىن ئاساسلىقى ماناس دەرياسى قاتارلىق سۇ مەنبەلىرى بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئىسپاتلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن تۇپا، ھاك تاش، كۆمۈر قاتارلىقلار بار. شىخەنزە شەھىرىنىڭ شەھەر مۇھىتى رەتلىك ۋە پاكىز، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 40% كە يېتىدۇ، دۆلەت بويىچە باغچە شەھىرىيە بولۇپ باھالانغان. شىخەنزە شەھىرى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق ئىقلىمىغا تەۋە، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى يېتەرلىك، ئىسسىقلىق مىقدارى مول، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 7.4℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 206.0 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1491.5 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 163 كۈن.

شىخەنزە شەھىرى ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان شەھەر ئىقتىسادىي چەمبىرىكىگە جايلاشقان بولۇپ، قاتنىشى قولايلىق، ئۈرۈمچى-كۈيتۇن يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى، دۆلەت تاشيولى 312-لىنىيىسى ۋە شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولى شەرقتىن غەربكە تۇتىشىپ كېسىپ ئۆتىدۇ. شىخەنزە شەھىرى مەملىكىتىمىزدىكى ئەسكەرلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، چېگرىنى قوغداشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۈلگە بولۇپ، گۈزەل مۇھىتى، ئۆزگىچە مەدەنىيىتى، شائىرلىق مەدەنىيىتى بىلەن گوبىدىكى مەرۋايىت دەپ ئاتالغان.



1 : 175 000






**ئارال شەھىرى** ئاپتونوم رايوننىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان، شەرقتە شايار، ئونسۇ ناھىيىسى بىلەن، غەربتە ئاۋات ناھىيىسى بىلەن، جەنۇب ۋە شىمالدا ئاقسۇ شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئارال شەھىرى 2002 ـ يىلى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق بېكىتىلگەن ئەمەس، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر، قارمىقىدا 7 ـ، 8 ـ، 9 ـ، 10 ـ، 11 ـ، 12 ـ، 13 ـ، 14 ـ، 15 ـ، 16 ـ تۇەن مەيدانى، تارىم سۇ باشقۇرۇش ئورنى، سۇ ئىنشائاتلىرى باشقارمىسى، تارىم بىرا ئىگىلىك ئۇيۇشمىسى، توقاي بىرىسى بار. پۈتۈن شەھەرنىڭ يەر مەيدانى 3920 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 150 مىڭ.

ئارال شەھىرى تارىم دەرياسى ئېقىن ئىتسا ئۇرامەتلىكى بولۇپ، شەھەر ئىچى تەكشى ۋە كەڭ، دەريا قىرغىقى ھەمدە جەنۇبىدىكى ئىككى قىسمى سىرتتا كۆتۈرۈلگەن، يەر تۈزۈلۈشى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ قىيپاش بولۇپ، شەرقىي قىسمى ئېقىن ئىتسا ئۇرامەتلىكى. سۇ بايلىقلىرىدىن ئاقسۇ دەرياسى، تارىم دەرياسى ھەمدە قاشىيا، يۇقىرى ئېقىن، دولان قاتارلىق ئۈچ چوڭ ئۇرامەتلىكتە سۇ ئامبىرى بار.

ئارال شەھىرى مۆتىدىل بەلۋاغ زېمىنە قۇرغاق چۆل ئىقلىمىغا تەۋە، كۈننىڭ يورۇقلۇق ۋاقتى ئۇزۇن، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10.8℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 54.2 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 212 كۈن.

ئارال شەھىرىنىڭ قاتناش قولايلىق، ئۆلكە تاشيولى 207 ـ لىنىيىسى، دۆلەت تاشيولى 314 ـ لىنىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئارال شەھىرى تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان بولۇپ، مەھسۇلاتلىرىدىن كېۋەز ۋە كىشمىش، ياڭاق، «ئارال» دېگەن نامى بار. شەھەر رايونىدىكى يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 50% تىن يۇقىرى بولۇپ، شەھەر ئىچى قۇرۇلۇشلىرىدا جۇڭگوچە ۋە غەربچە ئۇسلۇب بىرلەشتۈرۈلگەن، ئىگىز بىنالار ئاز. ئوتتۇرا، ئۇلارنى ھەمەنلىك بىنالارنى ئاساس قىلىدۇ. ئاساسىي كوچىدا يېمەكلىك كىشىلەر جايلاشقان، ئىچ بولغان بالىچە شەھەر ئۇيغۇنلىشى بېرىدۇ. ئارال شەھىرى يېڭى ۋە ھاياتى كۈچكە تولغان شەھەر، بىكىتىلگەندىن بۇيان ھەر بىر ئۆزگەرتىپ قۇرۇش ئارقىلىق شەھەر، ئۇنىڭدا ئەسكەر ئۆزگىرىپ يېڭى ھەر بىر ئۆزگەرتىشلىرى مەنىۋى مەدەنىيەت شەھىرى قىلىپ قۇرۇلدى. شەھەر ئىچىدە ئەسكەر ئۆزگىرىپ يېڭى ھەر بىر ئۆزگەرتىشلىرى خاتىرە مۇنارى، ئەسكەر ئۆزگىرىپ يېڭى ھەر بىر ئۆزگەرتىشلىرى مەدەنىيەت مەركىزى ھەمدە تارىخىي مۇزېي قاتارلىق بەلگە خاراكتېرلىك قۇرۇلۇشلار تەدرىجىي قۇرۇلدى.


# تۇمشۇق شەھرى




**تۇمشۇق شەھرى** تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال چېتىگە، يەرچيان دەرياسى ئوتتۇرا ئېقىم ئېقىن تىنىدا تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان، ئەتراپى مارالبېشى ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. تۇمشۇق شەھرى 2002-يىلى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق بېكىتىلگەن تەسىس قىلىنغان ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر، قارمىقىدا 44-، 49-، 50-، 51-، 52-، 53-تۇەن مەيدانى ھەمدە سانائەت-قۇرۇلۇش گۇرۇپپىسى، شورتۇل سۇ باشقۇرۇش ئورنى، ئۇرۇقچىلىق مەيدانى، يۇقىرى سېمونت زاۋۇتى ۋە ئىلېكتىر ئېنېرگىيە شىركىتى بار. پۈتۈن شەھەرنىڭ يەر مەيدانى 1914 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 110 مىڭ.

تۇمشۇق شەھىرىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ قىيپاش بولۇپ، ئاساسلىق بىر شەكىللىك تۈزلەڭلىك، قۇم بارخانلىرىمۇ ئۇچرايدۇ. سۇ بايلىقىدىن ئۆستەڭ دەرياسى، كەلكۈن دەرياسى ھەمدە غەربىي شىمالدىكى ئەگمە چوڭ تۈزلەڭلىك سۇ ئامبىرى، شوركۆل سۇ ئامبىرى قاتارلىقلار بار. قىرغاق بايلىقلىرىدىن مەرمەر تاش، ھاك تاش قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، لوپنۇر كەندىرى، سۆزاپ، بېھى قاتارلىقلار بار. تۇمشۇق شەھرى مۆتىدىل بەلباغ زىيادە قۇرغاق چۆل كىلىماتىغا تەۋە، كۈن چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، كېچە-كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.6℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 38.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2030.8 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 225 كۈن.

تۇمشۇق شەھرىنىڭ قاتنىشى قولايلىق، دۆلەت تاشيولى 314-لىنىيىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى ناھايىتى يېقىن، يۈزگەي تاشيولى ۋە تۇمشۇق-مارالبېشى تاشيولى قۇرۇلۇش ئۈستىدە تۇرۇۋاتىدۇ. تۇمشۇق شەھرى شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئورنى ۋە دولان مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كەلگەن ماكانى، ئىپتىدائىي توغراقلىق مەنزىرىسى، تەكلىماكان قۇملۇق مەنزىرىسى ھەمدە ئىپتىدائىي بوستانلىق باغ-ھويلىلىرى، توققۇز ساراي خارابىسى قاتارلىقلار بار.




1 : 250 000






**ۋۇجياچۇ شەھرى** تەڭرىتېغى بوغدا تېغىنىڭ غەربىي شىمال ئېتىكى، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇب چېتىگە جايلاشقان. شەرقى مچۇەن شەھىرى بىلەن، جەنۇبى ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن، غەرب ۋە شىمالى سانجى شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. ۋۇجياچۇ شەھىرى 2002-يىلى گوۋۇيۇەننىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق بېكىتىلىپ تەسىس قىلىنغان ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 6-شىسىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى. قارمىقىدا 101-، 102-، ۋە 103-تۈەن مەيدانى بار. پۈتۈن شەھەرنىڭ يەر مەيدانى 710 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 90 مىڭ.

ۋۇجياچۇ شەھرىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى تەكشى، جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس. سۇ، تۇپراق، قۇياش نۇرى، ئىسسىقلىق بايلىقى مول. دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق راۋاجلاندۇرۇشتا ناھايىتى ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە. سۇ بايلىقى مول، ئۆستەڭ تورى گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئايلانما ئۆستەڭلىك دەرياسى، مېگىجىن سۇ ئامبىرى، 1-ئاۋغۇست سۇ ئامبىرى قاتارلىق سۇ ئىنشائاتلىرى بار.

بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز قاتارلىقلار بار.

ۋۇجياچۇ مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق-يېرىم قۇرغاق قۇرۇقلۇق كلىماتىغا تەۋە، كۈننىڭ يورۇقلۇقى يېتەرلىك، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 6.4℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 135 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2263 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 183 كۈن.

ۋۇجياچۇ شەھرى ئۈرۈمچى شەھرىنى مەركەز قىلغان شەھەر ئىقتىسادى بەلبېغىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ناھايىتى ئەۋزەل، قاتناش شارائىتى قولايلىق. دۆلەت يولى 102-لىنىيىسى، سانجى-ۋۇجياچۇ تاشيولى، گەنسۇ تاشيولى بىلەن ئۈرۈمچى-كۈيتۇن يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى، نۇريان-ئۈرۈمچى دائىرىگىچە يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيولى ئۆتىشىپ، ھەممە يەرگە تۇتاشقان تېز سۈرئەتلىك تاشيول تورىنى شەكىللەندۈرگەن. ۋۇجياچۇ شەھرىنىڭ ساياھەت بايلىقى مول. شىمالدا قۇملۇق مەنزىرىسى ۋە قوشۇن ئىشلەپچىقىرىش ئۈچەملىك تۈلكە كۆرسىتىش رايونى بار. جەنۇبىدا چىلگىدائۇ دۆلەت سۆيلۇق مەنزىرە رايونى، چىلگىدائۇ زىمىنلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى بار.

1 : 175 000